# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

## 中亚信息

INFORMATION OF CENTRAL ASIA

6,'97

# 目　次　《中亚信息》

1997年第6期
（总第77期）


**综述**

中国新疆与中亚五国边贸现状及未来贸易走向 …………（3）
世行对乌津油田进行生态评估…………（8）
俄罗斯服装市场趋势………（15）
税收在哈国中小型企业发展中的作用…………（16）

**边贸信息**

哈萨克斯坦1997年粮食将达到12－12.5万吨 ……………（21）
吉尔吉斯斯坦制造飞机……（21）
土库曼斯坦将扩大细纤维棉的播种面积…………（22）
哈国杰州的冶金联合企业正在快复…………（23）
中亚五国将成投资热点……（24）
土库曼斯坦使用贷款种植玉米…………（25）
国际市场有色金属全面涨价…………（25）
俄调整砂糖和茶叶的进口税率…………（26）
土在俄谋求建立商务伙伴关系…………（26）
哈俄签订了供矿石的合同…………（27）
新疆农膜产能过剩边贸潜力有限…………（28）
土库曼实行统一的企业注册制度…………（29）
俄罗斯在萨哈林大陆架发现石油…………（29）
哈国黄金产量下降…………（29）
日本大量投资开发哈萨克斯坦油田…………（30）
中俄易货贸易呈快速增长势头…………（31）
中吉伊尔克什坦口岸将临时开通…………（31）
俄罗斯可能对黄金进出口制度进行修改…………（32）
乌兹别克斯坦的铀在发挥作用…………（32）
哈萨克斯坦的第一辆国产汽车…………（34）
哈又将租让7家能源企业……（34）
乌国为汽车制造者创办新银行…………（35）
乌创建“经商者中心”…………（35）
哈萨克斯坦铀业发展前景广阔…………（36）
哈萨克斯坦居民人数减少……（37）
俄简化外贸检查手续…………（37）
乌发行新面值货币…………（37）
吐尔尕特口岸堵住进口洋垃圾…………（38）
乌召开工商代表大会旨在吸引外资…………（38）
俄将提高食糖的储备…………（39）
哈国扶持小型企业…………（39）
外国投资拯救了吉尔吉斯斯坦的丝绸纺织业…………（40）
新疆在乌克兰基辅开办第一家饭店…………（41）
横贯亚洲的天然气管道…………（42）
乌俄继续进行合作…………（42）
中国新疆在土库曼斯坦举办展销会…………（42）
哈简化粮食及基加工制品的出口及在国内销售的规定…………（43）
哈萨克斯坦需要直接投资……（44）
俄批取消冰箱配件的进口关税…………（46）
俄出口增长进口减少…………（47）
哈克孜勒奥尔达州新开一些小型工厂…………（47）
哈投资者等待着政府的下步…（48）
中俄贸易特点：金属换民用品…………（49）



本期责任编辑：米娜娃尔

# بۇ سانىدا


«ماتېرىيال»

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ چېگرا سودا ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىدىكى سودا يۆنىلىشى ........ (3)

دۇنيا بانكىسى ئۆزبېن نېفتلىكىگە نىسبەتەن ئېكولوگىيىلىك باھالاش ئېلىپ باردى ........................ (8)

روسىيە كىيىم ـ كېچەك بازىرىنىڭ ئەھۋالى ........ (15)

باجنىڭ قازاقىستاندىكى ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى ........ (16)

«چېگرا سودا خەۋەرلىرى»

قازاقىستان 1997 ـ يىلى ئاشلىقتىن 12 ـ 12.5 مىليون توننا ھوسۇل ئېلىشى مۇمكىن .................... (21)

قىرغىزىستان ئايروپىلان ياسىيالايدىغان بولدى ........ (21)

تۈركمەنىستان ئىنچىكە تالالىق پاختىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتمەكچى ........................ (22)

قازاقىستان جېزقازغان ئوبلاستىنىڭ مېتاللورگىيە بىرلەشمە كارخانىسى ئىشلىگە كەلمەكتە ............... (23)

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت مەبلەغ سېلىش نۇقتىسىغا ئايلاندى ........................ (24)

تۈركمەنىستان قەرز پۇل ئىشلىتىپ كۆممىقوناق تېرىماقچى ........................ (25)

خەلقئارا بازاردا رەڭلىك مېتالنىڭ باھاسى ئومۇميۈزلۈك ئۆرلىدى ........................ (25)

روسىيە شېكەر ۋە چاي ئىمپورت قىلىشتا ئېلىنىدىغان باج نىسبىتىنى تەڭشىدى ........................ (26)

تۈركىيە روسىيىدە سودا مۇلازىمەت جەھەتتە شېرىكلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشقا تىرىشماقتا ........ (26)

قازاقىستان بىلەن روسىيە رۇدا بىلەن تەمىنلەش توختىمى ئىمزالىدى ........................ (27)

شىنجاڭنىڭ سۇلياۋ يوپۇق مەھسۇلاتى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتتى ........................ (28)

تۈركمەنىستان كارخانىلارنى تىزىمغا ئېلىشنىڭ بىرلىككە كەلگەن تۈزۈمىنى يولغا قويماقچى............... (29)

روسىيە ساخارىندا نېفتلىك بايقىدى ............... (29)

قازاقىستاننىڭ ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى ........................ (29)



**باش مۇھەررىر:**

جاڭ يۆجژ

نەجمىدىن نىزامىدىن

**مەسئۇل مۇھەررىر:**

گۈلسۈم ئابدۇۋايىت

**مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر:**

شەرىپە ئىسھاقوۋا

**مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلار**

مۇنەۋۋەر قادىر (01)

يارمۇھەممەت ئىبراھىم (02)

مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم (03)

**بۇ سانىنىڭ مەسئۇل تەھرىرى:**

مۇنەۋۋەر قادىر

ياپونىيە زور مىقداردا مەبلەغ سېلىپ قازاقىستان نېفىتلىكىنى ئاچماقچى …… (30)

جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ مال ئالماشتۇرۇش سودىسى تېز تەرەققىي قىلماقتا …… (31)

جۇڭگو قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى ئېركىشتام سودا ئېغىزى ۋاقىتلىق ئېچىۋېتىلىدۇ …… (31)

روسىيە ئالتۇن ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشى مۇمكىن …… (32)

ئۆزبېكىستاندا ئۇران ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرماقتا …… (32)

قازاقىستان ئۆزى ئىشلەپچىقارغان تۇنجى ماشىنا …… (34)

قازاقىستان يەنە يەتتە ئېنېرگىيە كارخانىسىنى ئىجارىگە بەرمەكچى …… (34)

ئۆزبېكىستان ماشىنا ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۈچۈن يېڭى بانكا ئاچتى …… (35)

ئۆزبېكىستان «سودىگەرلەر مەركىزى» نى تەسىس قىلدى …… (35)

قازاقىستان ئۇران سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق …… (36)

قازاقىستاننىڭ ئاھالىسى كېمىيىپ كەتتى …… (37)

روسىيە تاشقى سودا تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇردى …… (37)

ئۆزبېكىستاندا يېڭى قىممەتتىكى پۇل تارقىتىلدى …… (37)

تورغات ئېغىزى «چەت ئەل ئەخلىتى» ئىمپورت قىلىشنى توستى …… (38)

ئۆزبېكىستان چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىردى …… (38)

روسىيە شېكەرنىڭ زاپاس مىقدارىنى كۆپەيتىدۇ …… (39)

قازاقىستان كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى يۆلەيدۇ …… (39)

چەتئەل مەبلىغى قىرغىزىستاننىڭ يىپەك توقۇلما سانائىتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى …… (40)

شىنجاڭ ئۇكرائىنادا بىر ئاشخانا قۇردى …… (41)

ئاسىيا قىتئەسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان تەبىئىي گاز تورۇبا يولى ياتقۇزۇلىدۇ …… (42)

ئۆزبېكىستان بىلەن روسىيە داۋاملىق ھەمكارلاشماقتا …… (42)

جۇڭگو شىنجاڭ تۈركمەنىستاندا يەرمەنكە ئاچتى …… (42)

قازاقىستان ئاشلىق ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش ھەمدە دۆلەت ئىچىدە سېتىش بەلگىلىمىسىنى ئاددىيلاشتۇردى …… (43)

قازاقىستان بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشقا مۇھتاج …… (44)

روسىيە توڭلاتقۇ زاپچاسلىرىنى ئىمپورت قىلىشتىكى تاموژنا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇردى …… (46)

روسىيىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئېشىپ ئىمپورت مىقدارى ئازايماقتا …… (47)

قازاقىستاننىڭ قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا بىر قىسىم كىچىك زاۋۇتلار قۇرۇلدى …… (47)

قازاقىستاندىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ھۆكۈمەتنىڭ كەلگۈسى پىلانىنى كۈتمەكتە …… (48)

جۇڭگو روسىيە سودىسىدىكى ئالاھىدىلىك: مېتال بۇيۇملارغا ئاھالىلەرگە كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت …… (49)

# شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ چېگرا سودا ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىدىكى سودا يۆنىلىشى

« جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق مۇھاكىمە يىغىنى » ئىنتايىن مۇھىم بىر يىغىن بولدى. بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىشى جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بولۇپمۇ شىنجاڭ بىلەن ئو تتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشتە ئاكتىپ ۋە چوڭقۇر رول ئوينىدى. جوڭگو تەرەپنىڭ ۋەكىلى يەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق نازارىتى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ چېگرا سودا تەرەققىيات ئەھۋالى ئۈستىدە بىر نەچچە خىل كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**1. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ چېگرا سودا ئەھۋالى.**

شىنجاڭ ياۋروپا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دۇنياغا داڭلىق يىپەك يولىغا جايلاشقان بولۇپ، غايەت زور تەرەققىي قىلىش كۈچىگە ئىگە. شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستانلار بىلەن چېگرىداش، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستان بىلەن قوشنا، 3500كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېگرا لىنىيىسى ۋە ئالتە سودا ئېغىزى بار. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ سودا مۇناسىۋىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ يەر ۋە ئېتنوگرافىك ئەۋزەللىكى روشەن، سودىدا ئۆز ئارا بىر-بىرىنى تولۇقلاش ئالاھىدىلىكى بار، چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە.

1992 - يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتياخشى سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز ساقلاپ كەلدى، سودا سوممىسمۇ داۋاملىق ئاشتى. 1992 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن بولغان تاۋار ئېكسپورت - ئىمپورت قىلىش ئومۇمىي سوممىسى 301 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، 1993 -يىلى 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، 1994 -يىلى 484 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، 1995 - يىلى 670 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، 1996 -يىلى 751 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، 1997 -يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 371 مىليونئامېرىكا دوللىرى بولدى. شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە ئېكسپورت قىلغان تاۋارلىرى ئاساسەن: ئاشلىق، ماي يېمەكلىكلىرى، كىيىم - كېچەك، ئاياغ ۋە باش كىيىم، ئارىلاشما تالالىق رەخت، ئىسپىرت، ئاق شېكەر، پىۋە، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى، سۇلياۋ مەھسۇلاتلار، نېفىت مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتىن ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلىرى ئاساسەن: پولات ماتېرىياللىرى، خىمىيىۋى

ئوغۇت، پاختا، ماشىنا، قوي يۇڭى، تېرە، خىمىيە سانائەت خام ماتېرىياللىرى، مېتال رۇدىسى ۋە كونا كېرەكسىزمېتال قاتارلىقلار.

تاشقى سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتتە ياخشى تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. ھازىرغىچە، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ جەمئىي 115 كارخانىنى قۇرۇپ چىقتى، بۇ شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەرگە مەبلەغ سالغان كارخانا ئومۇمىي سانىنىڭ 72% . 73 ىنى ئىگىلەيدۇ؛ مەبلەغ سېلىش سوممىسى17 مىليون 873 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەرگە سالغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 69.83% ىنى ئىگىلەيدۇ. مەبلەغ سېلىش دائىرىسى ئاساسەن: توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، قەغەز، كىيىم - كېچەك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئىچىملىك قاتارلىقلار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە مەبلەغ سېلىشى بىلەن، بۇ دۆلەتلەردىكى ھەر قايسى سودىگەرلەر شىنجاڭنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىغا قىزىقىشقا باشلاپ، 22 شېرىكلەشكەن كارخانىنى قۇردى، بۇ كارخانىلارغا سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون 947 مىڭ 400 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. مەبلەغ سېلىنغان كارخانىلار ئاساسەن قاتناش - ترانسپورت، كىيىم - كېچەك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، كان مەھسۇلاتلىرىنى قېزىش، ماشىنا رېمونت قىلىش ۋە ماشىنا ياساش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چېگرا سودىسىنىڭ تەسىرى ۋە يېتەكلىشى ئاستىدا، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى، كارخانىلىرى ۋە چېگرا ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىپ - كېلىش تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، قوشنا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. 1992 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ سودا سوممىسى 1.16ھەسسە ئاشتى، سودا سوممىسىنىڭ شىنجاڭ تاشقى سودىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 1992 -يىلىدىكى 39.9% دىن 1996 - يىلىغا كەلگەندە 53.4% كە يەتتى. سودا دائىرىسى ۋە سودا سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بىرگە، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ چېگرا سودا تەرەققىياتىدا بەزى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: ( 1 ) جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بانكىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە بىۋاستە ئامانەت - قەرز راسچوت مۇلازىمەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىلمىدى، بۇ ئەھۋال بانكا پېرېۋوت يولىنىڭ راۋان بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، سودا راسچوتىغا نۇرغۇنلىغان قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. سودىنىڭ تەرەققىي قىلىش سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى؛ ( 2 ) سودىدا تەمىنلەشكە بولىدىغان تاۋارلارنىڭ تۈرلىرى ۋە تاللاش ئىمكانىيىتى ئاز، بۇ سودا دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە پايدىسىز؛ ( 3 ) چېگرا ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى مۇھىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، تەرەققىي قىلىشى ئاستا، سەۋىيىسى تۆۋەن؛ ( 4 ) شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت گەرچە بىر نەچچە يىللىق تەرەققىياتنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن سودا قىلىش پائالىيەتلىرى قېلىپلاشمىغان، ۋەدىگە ئەمەل قىلىش نىسبىتى تۆۋەن، سودىدا تالاش - تارتىش

قىلىشنىڭ كۆپلۈكى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان بىر مەسىلە، بولۇپمۇ مال ئۈچۈن تۆلىنىدىغان پۇلنى كېچىكتۈرۈش ئەھۋالى ئېغىر. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى كارخانىلارنىڭ شىنجاڭدىكى كارخانىلارغا بېرىدىغان پۇلى 85مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپ ئىكەن، بۇ ئەھۋال رايونىمىزغا غايەت زور ئىقتىسادىي زىيان ئېلىپ كىلىدۇ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت ئاكتىپلىقىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

گەرچە مەلۇم قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ پايدىلىق شارائىتلىرىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك:

( 1 ) دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى، ئىككى تەرەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئۆز ئارا بېرىش - كېلىشى قويۇق بولغاچقا، بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كۈچەيدى، شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ياخشى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى.

( 2 ) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ، ئومۇميۈزلۈك ئېشىشقا يۈزلەندى، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىقتىسادىمۇ داۋاملىق، ساغلام تەرەققىي قىلدى، يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىقتا ئۇدا 19 يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، بۇندىن كېيىنكى سودا تەرەققىياتىغا مۇھىم ماددىي ئاساس سېلىندى.

( 3 ) دۆلەت غەربنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، سىياسەتنىڭ يانتۇلۇق كۈچىنى ئاشۇردى، چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەلگىلىدى، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

( 4 ) ئاسىيا ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تۇتۇشۇشى، شىنجاڭنى جۇڭگودىكى غەربكە ئېچىۋېتىلگەن ئالدىنقى جەبھىگە ئايلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ شەرق ۋە غەربتىكى سانائىتى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن خەلقارا سودا مەركىزى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىپ - كېلىشنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ قالدى، بۇ شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

( 5 ) سودا ئېغىزى مۇلازىمەت ئىقتىدارى كۈنسايىن گەۋدىلەندى. ئېركېشتام سودا ئېغىزى 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ ۋاقىتلىق ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە قارىتا ئاچقان سودا ئېغىزى ئالتىگە يەتتى، بۇ سودا ئېغىزلىرى بۇندىن كېيىن دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**2. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ بۇندىن كېيىنكى سودا يۆنىلىشى.**

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ چېگرا سودىسى 1992 - يىلدىن باشلانغان بولۇپ، دۆلىتىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمىتىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە غەمخورلۇقى بىلەن ماھىيەت خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى ھەمدە مۇقىم تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. يەر ۋە ئېتنوگرافىك ئالاھىدىلىكى، سودىدا بىر -

بىرىنىتولۇقلاشچانلىقى ، بىر قەدەر كۈچلۈك تەرەققىي قىلىش ئارزۇسى بولغانلىقتىن ، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ چېگرا سودىسىدا غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ بار دېيىشكە بولىدۇ . يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرائاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ چېگرا سودىسى جەريانىداتوپلىغان تەجرىبىسى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن قارىغاندا ، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك :

( 1 ) سودا يۆنىلىشى كېلىپلىشىپ ، قەدەممۇ ـ قەدەم خەلقارا سودىغا تۇتىشىدۇ .

هەر قانداق ئىشنىڭ باشلىنىش باسقۇچىدا ئۇنداق ـ مۇنداق مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . گەرچە شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ سودا ئىشلىرىدا بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ ، لېكىن بۇلارنى ۋاقىتلىق مەسىلە دېيىشكە بولىدۇ . سودىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ ، چۈنكى چېگرا سودىسى خەلقئارا سودىنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمى ۋە سودا شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . دۆلىتىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئورتاق ئارزۇسى بار ، دۆلىتىمىز چېگرا سودىسىنى باشقۇرۇش جەھەتتە خەلقئارادا يولغا قويۇلۇۋاتقان سودا بەلگىلىمىلىرى بويىچەباشقۇرۇشنى كۈچەيتمەكتە ، چېگرا سودا سىياسىتىدە خەلقئارا سودىنىڭ ئادەتتىكى تەلەپلىرى ئىپادىلەندى . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا سىياسىتىمۇ مۇقىملىشىشقا يۈزلەندى ، ئىككى تەرەپ هۆكۈمىتى سودا كېلىشىمنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە دوستانە هەمكارلىقنى قانات يايدۇردى ، سودىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز مەسىلىلەرنى چەكلەپ ، مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئىشىنىمىزكى ، بۇندىن كېيىنكى ئىقتىساد سودا سىياسىتىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ، كارخانا ۋە سودا خادىملىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ چېگرا سودىسى كېلىپلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ ، خەلقئارا سودىغا قەدەممۇ ـ قەدەم تۇتۇشىدۇ .

( 2 ) كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ يوللۇق ۋە كۆپ شەكىللىك يېڭى سودا شەكلى بارلىققا كېلىدۇ .

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ چېگرا سودىسى مۇئەييەن دەرىجىدە ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ۋە چەكلىشىگە ئۇچراپ كەلدى ، ئىلگىرى مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئاساس قىلىناتتى ، هازىر نەق پېرېۋوت سودىسىغاقاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى ، لېكىن پۇل تۆلەش ئىقتىدارى مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ، سودا سوممىسى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ بازار ئېهتىياجى ئۆز ئارا ماس كەلمەيدۇ . ئاسىيا ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى رولىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى كۈنسايىن قويۇقلىشىدۇ ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورۇن ئالاهىدىلىكى بولغانلىقتىن ، بۇندىن كېيىنكى سودىدا نەق پېرېۋوت سودىسى ، مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش سودىسى قاتارلىق كۆپ خىل سودا شەكلى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ .

( 3 ) ئىقتىسادىي تېخنىكا هەمكارلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىستىقبالى پارلاق .

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش

دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى يۇقىرى پەللىدىن تۆۋەن پەللىگە يۈزلىنىشتەك باسقۇچلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ھازىر يەنىلا تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرماقتا. لېكىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، تەرەققىي قىلىش ئىستىقبالى پارلاق. مەسىلەن: شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرائاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ نېفىتبايلىقى مول، خام ماينى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە خىمىيە سانائەت قاتارلىق نەپىس پىششىقلاپ ئىشلەش ھەم چوڭقۇرلاپ پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە ھەمكارلاشسا بولىدۇ؛ ئوتتۇرائاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ پاختا مەھسۇلاتى ۋە پىلە غوزىسى مەھسۇلاتى مول، شىنجاڭنىڭ بۇلاردىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى ئەۋزەل، شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ يىپەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ياكى يېنىك سانائەت توقۇمىچىلىقى جەھەتتە دۆلەتتىن ھالقىغان شىركەتلەرنى قۇرسا بولىدۇ؛ شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق جەھەتتە بىر قەدەر كۈچلۈك ئېھتىياجغا ئىگە. بۇلاردىن باشقا يەنە ،كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش، ئېلېكتر كۈچىنى ئېچىش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن. مانا بۇ بوشلۇقلار ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىشىشىنى ۋە ئېچىشنى كۈتمەكتە. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ھەر قايسى جەھەتلەردە ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتسە، سودىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا، سودا ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى ئارقىلىق ئۆز ئارا ئىلگىرىلەپ، چېگرا سودىسى چوڭقۇر ۋە كۆپ دائىرىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

(4) پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر سودىسىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

شىنجاڭنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش سودا تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، ئاساسەن ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان رايونلارغا مەركەزلەشكەن، سودا سوممىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن. پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ياخشى بولمىسا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودا تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك سودىلارنى قولدىن بېرىشىمىزگە سەۋەبچى بولىدۇ. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئارىسىدا پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ شەرت - شارائىتى ئەۋزەل: (1) شىنجاڭ بىلەن بۇ دۆلەتلەرنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسى، بايلىق قۇرۇلمىسى ۋە بازار ئېھتىياجى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئارا بىر - بىرىنى تولۇقلىشى كۈچلۈك. مەسىلەن: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېنىك سانائىتى، نېفىت مەھسۇلات ئاساسى كۈچلۈك، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە، كان مەھسۇلاتى قاتارلىق ئېغىر سانائىتى تەرەققىي قىلغان؛ (2) دۆلەت سىياسىي جەھەتتە پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىدۇ ۋە يار - يۆلەك بولىدۇ. شىنجاڭمۇ بۇنىڭغا ماس يەرلىك چارىلەرنى بېكىتىشكە باشلىدى؛ (3) شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قاتناش قولايلىق، ترانسپورت ھەققىمۇ تۆۋەن. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، خام نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش، قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە توقۇلما كىيىملەر قاتارلىق جەھەتلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى بەزى كارخانىلار بىلەن ھەمكارلاشتۇق، بۇنىڭ نەتىجىسىمۇ ياخشى بولدى.

ھازىر پەقەت مال ئالماشتۇرۇش ياكى نەق پۇلبۇوتسودىسى بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا، پىششىقلاپ ئىشلەش سودا ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىدىكى خام ماتېرىيالنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش چەكلىمىسىنى كەڭ قويىۋېتىپ، سودا دائىرىسىنى كېڭەيتكەندە، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ سودا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولىدۇ.

شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى كىچىك ئىستىھكامى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىساد سودا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاچقۇچى. بىز ياۋروپا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، بۇ كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى شەھەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، سودا ئېغىزلىرىغا تايىنىپ، سىرتنى جەلپ قىلىپ ئىچكى قىسىمدا ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ، چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنى ئورتاق قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىمىز كېرەك.

گۈلقىز (ت)

# دۇنيا بانكىسى ئۆزبېن نېفتلىكىگە نىسبەتەن ئېكولوگىيىلىك باھالاش ئېلىپ باردى

دۇنيا بانكىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا باشلانغان. ئەينى ۋاقىتتا قازاقىستان قاتارلىق يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي بۇرۇلۇش باسقۇچىغا يېڭىدىن قەدەم قويغان بولۇپ، مۇھىت بۇلغىنىشى، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى قاتارلىق نۇرغۇن ئېغىر مەسىلىلەرنى قالدۇرغان. دۇنيا بانكىسى قازاقىستاندا جەمئىي 13 تۈرنى قوللىغان، ئۇنىڭ ئىچىدە پۇل - مۇئامىلە سىستېمىسى ۋە كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، مۇقىم مۈلۈكلەرنى تىزىملاش قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۇنيا بانكىسى يەنە تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ھەمكارلىقنى ياخشىلاپ، دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراش ھەركەت پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەم كەڭ ئامما ئىچىدە مۇھىت ئاسراش تەشۋىقاتى ۋە مائارىپ پىلانى ئېلىپ باردى.

دۇنيا بانكىسى مەلۇم بىر تۈرگە قەرز بېرىشتىن بۇرۇن بىر تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئالدى بىلەن، ھەرقايسى تۈرلەرنى تەپسىلىي تاللايدۇ، ئاندىن ئالدىن نەزەردە تۇتىدىغان تۈرلەرنى تاللاپ چىقىدۇ. مەزكۇر تۈر قەرز بېرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، دۇنيا بانكىسى قەرز ئالماقچى بولغان تەرەپ بىلەن بىر قەدەر ئۇزاق بولغان (بىر - ئىككى يىل) زىچ ھەمكارلىقنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلتىماس قىلغان تۈرنىڭ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، دۇنيا بانكىسى تۈرلەرنى مۇھىت

ئاسراش جەھەتتىكى باھالاشقىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ . مەسىلەن ، ئۆزېن نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈرىنى يولغا قويۇشتىن بۇرۇن ، نېفىتلىك ۋە قوشنا رايونلارنىڭ تۈرلۈك ئېكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ باھالاش ئېلىپ باردى .

### ئۆزېن نېفىتلىكىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

ئۆزېن نېفىتلىكىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئەھۋالى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ قىسىم نېفىتلىكلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى تىپىك بولۇپ ، بۇ خىل ئەھۋال مۇھىت مەسىلىسىگە ئومۇمىيۈزلۈك سەل قارىغانلىق . شۇنداقلا مۇھىت ئاسراش مەسىلىسىدە قوللانغان پوزىتسىيىسىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . گەرچە ئۇ رايونلاردا ئىلگىرى بىر قىسىم مۇھىت ئاسراش سىناقلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ، بىراق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى پەقەت تېز ئىشلەپچىقىرىش ، كۆپ ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقتىن ، ئاخىرىدا يەنىلا مەغلۇپ بولغان . يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار كارخانىلاردىن خام نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ، قېزىلىش ، سۇ بېرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلىپ ، كارخانىلارنى كۆپ ، تېز ئىشلەپچىقىرىشقا مەجبۇر قىلدى . گەرچە ئۇ ۋاقىتلاردا مۇھىت ئاسراش پىلانى ۋە ئۆلچىمى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلغان بولسىمۇ ، بىراق يۈرگۈزۈش قاتتىق بولماسلىق ، مەجبۇرلاش مېخانىزمى ئاجىز بولغانلىقتىن ، قۇدۇق ئېغىزلىرى زىچ بولۇش ، سۇ بېرىش مىقدارى ئېشىپ كېتىش ، مەيلى ئۈسكۈنە ياكى مەشغۇلات جەھەتتە بولسۇن مۇھىت ئاسراش تەدبىرلىرى يېتەرلىك بولماسلىقتەك ھالەت شەكىللەندى .

مەزكۇر تۈرنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ، قازاقىستان ھۆكۈمىتى دۇنيا بانكىسىنىڭ باشقۇرۇش فوندى ۋە كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشى ئارقىلىق ئۆزېن نېفىتلىكى ۋە قوشنا رايونلارنىڭ مۇھىت ئەھۋالى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىپ ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى ئايدىڭلاشتۇردى :

مۇھىت ئەھۋالى : بۇ رايوندا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر بولۇپ ، ئۇنىڭ سەۋەبى تۈرلۈك كېرەكسىز ماددىلارنىڭ خالىغانچە قويۇپ بېرىلگەنلىكىدە ، يەنى خام نېفىتنىڭ ئېقىپ كېتىشى ، سانائەت ئۈسكۈنىلىرى ۋە زاۋۇتلارنىڭ كېرەكسىز گازلارنى ئۇزاق مۇددەت قويۇپ بېرىشى قاتارلىقلار . ھاۋادىكى نىتروگېن دىئوكسىد ۋە سۇلفۇر دىئوكسىد ، شۇنداقلا باشقا ئۇچۇچان ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن . مەسىلەن : ئۆزېن نېفىتلىك رايوندا سۇلفۇر دىئوكسىدنىڭ مىقدارى ئۆلچەمدىن 20 ھەسسە ، سانا - ئۆزېن شەھىرىدە بولسا 10 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن .

يەر ئۈستى سۈيى ئەھۋالى : ئۆزېن نېفىتلىكى رايونىدا مۇقىم يەر ئۈستى سۈيى ساھەلىي يوق . بىراق بوران - چاپقۇندىن ھاسىل بولغان چۆكمە ماددىلار ۋە قاتناش تىرانسپورتىدىن ھاسىل بولغان بۇلغىغۇچى ماددىلار ئويمان يەرلەرگە يىغىلىۋېلىپ شۇ يەرنىڭ زىيانلىق ماددىلار تەركىبى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان يەر ئۈستى سۈيى گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان .

يەر ئاستى سۈيى ئەھۋالى : نېفىتلىك رايونىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۇ ئورنى بىر قەدەر چوڭقۇر ( 70 مېتىردىن تۆۋەن ) ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇپراقنىڭ سۇ سىڭدۈرۈشچانلىقى بىر قەدەر ناچار ، شۇنىڭ ئۈچۈن نېفىت مەشغۇلاتىنىڭ يەر ئاستى سۈيىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ناھايىتى چەكلىك . پەقەت قىسمەن ۋاقىتلاردا كېرەكسىز

هازىر پەقەت مال ئالماشتۇرۇش ياكى نەق پۇلغا سودىسى بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا، پىششىقلاپ ئىشلەش سودا ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىدىكى خام ماتېرىيالنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش چەكلىمىسىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، سودا دائىرىسىنى كېڭەيتكەندە، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ سودا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولىدۇ.

شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى كىچىك ئىستىھكامى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىساد سودا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاچقۇچى. بىز ياۋروپا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، بۇ كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى شەھەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، سودا ئېغىزلىرىغا تايىنىپ، سىرتنى جەلپ قىلىپ ئىچكى قىسىمدا ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ، چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنى ئورتاق قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىمىز كېرەك.

گۈلقىز (ت)

# دۇنيا بانكىسى ئۆزبېكىستانغا نىسبەتەن ئېكولوگىيىلىك باھالاش ئېلىپ باردى

دۇنيا بانكىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا باشلانغان. ئەينى ۋاقىتتا قازاقىستان قاتارلىق يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي بۇرۇلۇش باسقۇچىغا يېڭىدىن قەدەم قويغان بولۇپ، مۇھىت بۇلغىنىشى، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى قاتارلىق نۇرغۇن ئېغىر مەسىلىلەرنى قالدۇرغان. دۇنيا بانكىسى قازاقىستاندا جەمئىي 13 تۈرنى قوللىغان، ئۇنىڭ ئىچىدە پۇل - مۇئامىلە سىستېمىسى ۋە كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، مۇقىم مۈلۈكلەرنى تىزىملاش قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۇنيا بانكىسى يەنە تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ھەمكارلىقنى ياخشىلاپ، دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراش ھەركەت پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەم كەڭ ئامما ئىچىدە مۇھىت ئاسراش تەشۋىقاتى ۋە مائارىپ پىلانى ئېلىپ باردى.

دۇنيا بانكىسى مەلۇم بىر تۈرگە قەرز بېرىشتىن بۇرۇن بىر تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئالدى بىلەن، ھەرقايسى تۈرلەرنى تەپسىلىي تاللايدۇ، ئاندىن ئالدىن نەزەردە تۇتىدىغان تۈرلەرنى تاللاپ چىقىدۇ. مەزكۇر تۈر قەرز بېرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، دۇنيا بانكىسى قەرز ئالماقچى بولغان تەرەپ بىلەن بىر قەدەر ئۇزاق بولغان (بىر - ئىككى يىل) زىچ ھەمكارلىقنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلتىماس قىلغان تۈرنىڭ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، دۇنيا بانكىسى تۈرلەرنى مۇھىت

ئاسراش جەمئىيەتتىكى باھالاشقىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۆزېن نېفىتلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈرىنى يولغا قويۇشتىن بۇرۇن، نېفىتلىك ۋە قوشنا رايونلارنىڭ تۇرلۇك ئېكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ باھالاش ئېلىپ باردى.

## ئۆزېن نېفىتلىكىنىڭ تەبىئى شارائىتى

ئۆزېن نېفىتلىكىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئەھۋالى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ قىسىم نېفىتلىكلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى تىپىك بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال مۇھىت مەسىلىسىگە ئومۇمىيۈزلۈك سەل قارىغانلىق، شۇنداقلا مۇھىت ئاسراش مەسىلىسىدە قوللانغان پوزىتسىيىسىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. گەرچە ئۇ رايونلاردا ئىلگىرى بىر قىسىم مۇھىت ئاسراش سىناقلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، بىراق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى پەقەت تېز ئىشلەپچىقىرىش، كۆپ ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقتىن، ئاخىرىدا يەنىلا مەغلۇپ بولغان. يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار كارخانىلاردىن خام نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش، قېزىلىش، سۇ بېرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلىپ، كارخانىلارنى كۆپ، تېز ئىشلەپچىقىرىشقا مەجبۇر قىلدى. گەرچە ئۇ ۋاقىتلاردا مۇھىت ئاسراش پىلانى ۋە ئۆلچىمى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق يۈرگۈزۈش قاتتىق بولماسلىق، مەجبۇرلاش مېخانىزمى ئاجىز بولغانلىقتىن، قۇدۇق ئېغىزلىرى زىچ بولۇش، سۇ بېرىش مىقدارى ئېشىپ كېتىش، مەيلى ئۆسكۈنە ياكى مەشغۇلات جەھەتتە بولسۇن مۇھىت ئاسراش تەدبىرلىرى يېتەرلىك بولماسلىقتەك ھالەت شەكىللەندى.

مەزكۇر تۈرنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، قازاقىستان ھۆكۈمىتى دۇنيا بانكىسىنىڭ باشقۇرۇش فوندى ۋە كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشى ئارقىلىق ئۆزېن نېفىتلىكى ۋە قوشنا رايونلارنىڭ مۇھىت ئەھۋالى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى ئايدىڭلاشتۇردى:

مۇھىت ئەھۋالى: بۇ رايوندا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى تۈرلۈك كېرەكسىز ماددىلارنىڭ خالىغانچە قويۇپ بېرىلگەنلىكىدە. يەنى خام نېفىتنىڭ ئېقىپ كېتىشى، سانائەت ئۈسكۈنىلىرى ۋە زاۋۇتلارنىڭ كېرەكسىز گازلارنى ئۇزاق مۇددەت قويۇپ بېرىشى قاتارلىقلار. ھاۋادىكى نىتروگېن دىئوكسىد ۋە سولفور دىئوكسىد، شۇنداقلا باشقا ئۇچۇچان ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. مەسىلەن: ئۆزېن نېفىتلىك رايوندا سولفور دىئوكسىدنىڭ مىقدارى ئۆلچەمدىن 20 ھەسسە، سانا - ئۆزېن شەھىرىدە بولسا 10 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن.

يەر ئۈستى سۈيى ئەھۋالى: ئۆزېن نېفىتلىكى رايونىدا مۇقىم يەر ئۈستى سۈيى سامەلى يوق. بىراق بوران - چاپقۇندىن ھاسىل بولغان چۆكمە ماددىلار ۋە قاتناش ترانسپورتىدىن ھاسىل بولغان بۇلغىغۇچى ماددىلار ئويمان يەرلەرگە يىغىلىۋېلىپ شۇ يەرنىڭ زىيانلىق ماددىلار تەركىبى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان يەر ئۈستى سۈيى گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان.

يەر ئاستى سۈيى ئەھۋالى: نېفىتلىك رايونىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۇ ئورنى بىر قەدەر چوڭقۇر (70 مېتىردىن تۆۋەن)، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇپراقنىڭ سۇ سىڭىشچانلىقى بىر قەدەر ناچار، شۇنىڭ ئۈچۈن نېفىت مەشغۇلاتىنىڭ يەر ئاستى سۈيىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ناھايىتى چەكلىك، پەقەت قىسمەن ۋاقىتلاردا كېرەكسىز

مايلارنىڭ ئېقىپ كېتىشى ياكى قويۇلغان سېمونت لاينىڭ پۇختا بولماسلىقىدىن سۇ ئورنىنىڭ ئۆرلىشى، بېسىم قۇدۇقنىڭ ئۇپراپ كېتىشى قاتارلىق ئەھۋاللاردىلا يەر ئاستى سۇيى بۇلغىنىدۇ. بىراق نېفىتلىك شۇنداقلا قوشنا رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۇيىنىڭ تۇز تەركىبى ئەسلىدىنلا يۇقىرى بولۇپ يا ئىشلەپچىقىرىشقا يا تۇرمۇشقا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇلغىنىشلار سۇ بىلەن تەمىنلەشكە نىسبەتەن تەھدىد بولالمايدۇ. بۇ رايوننىڭ ئىچىدىغان بىردىنبىر سۇ مەنبەسى نېفىتلىكتىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇق رايوندا.

بۇ سۇ مەنبەسى ئۆزىنى نېفىتلىكنى 30% ئىچىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ ھازىرچە نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىمىدى. بىراق نېفىتلىكنىڭ ئىچىدىغان سۇغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى، شۇنداقلا سۇدىن مۇۋاپىق پايدىلانماسلىق نەتىجىسىدە سۇ مەنبەسىدىكى سۇلار كۆپلەپ تارتىلىپ كەتتى، ئەگەر يېتەرلىك تولۇقلانمىسا، سۇ مەنبەسى قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن.

يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تۇپراق: نېفىتلىك رايوندا يەر يۈزىنىڭ فىزىكىلىق ئۆزگىرىشى ناھايىتى چوڭ بولۇپمۇ بۇرغىلاش زىچ رايونلاردا. يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىل قاتناش ۋە قۇرۇلۇش. گەرچە نېفىت رايوندا بىر نەچچە مۇقىم يول بولسىمۇ بىراق ئاپتوموبىللارنىڭ مەشغۇلاتى تەرتىپلىك باشقۇرۇلمايدۇ، قۇرۇلۇش تۈگىگەندىن كېيىن يەرلەرنى تەكشىلەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلمايدۇ. نېفىتلىك رايوندا سۇ ۋە قويۇق نېفىتلىك بىلەن تولغان نۇرغۇنلىغان ئازگاللار بار، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىملىرى نېفىت ساقلاش ياكى باشقا ئىشلىتىلگەندىن سىرت كۆپىنچىسى خام نېفىتنىڭ تاسادىپىي ئېقىپ كېتىشىدىن شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭىنىڭ كۆلىمى 70 گېكتار بولۇپ، 30 تونىنا كېرەكسىز سۇ ۋە چەكلەنگەن كاربون - ھىدروگېن بىرىكمە ماددىلىرى ساقلانغان، ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ چوڭ «نېفىت كۆلى» نىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋە ياۋايى ھايۋاناتلار ئەھۋالى: بۇرغىلانغان قۇدۇقلارنىڭ ئەتراپىدىكى 50 مېتىر كېلىدىغان دائىرە، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئەتراپى (نېفىت ئېلىش پونكىتى، مەركىزىي نېفىت پىششىقلاش زاۋۇتى قاتارلىقلار)، قاتناش بېسىق رايونلار، ھەر خىل ئازگاللار ۋە ئەخلەت ئازگاللىرىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ياۋايى ھايۋاناتلارمۇ ناھايىتى ئازلاپ كەتكەن. نېفىتلىكتىكى ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتلىرى شۇ يەردىكى ياۋايى ھايۋاناتلارنى سىرتقا قېچىشقا مەجبۇر قىلغان.

يەردىن پايدىلىنىش ۋە ئىجتىمائىي ئاپەت ئەھۋالى: ئادەملەر بىلەن تولغان نېفىت ئىشلەپچىقىرىش رايوندا پەقەت ئاز ساندىكى ئوتلاقلارلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان، ئەنئەنىۋى ئوتلاقلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنىڭ تۈگىلەرگە بولغان زېھنى نىسبەتەن ئاز بولغان. تۈپ ئۆزگىرىش بولغىنى شۇ يەردىكى ئاھالىلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدۇر. يېقىندىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى نېفىتلىك رايونغا ئولتۇراقلاشتى، يەرلىك ئاھالىلارمۇ ئەسلىدىكى خىزمىتىنى تاشلاپ نېفىتلىككە ۋە مۇناسىپ كارخانا، كەسىپى ئورۇنلارغا بېرىپ خىزمەت ئىزلىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئاھالىلارنىڭ تارقىلىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. نۇرغۇنلىغان كىچىك يېرىم چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ئورنىنى سانائەت شەھەرلىرى ئىگە-

لىدى. بۇ شەھەرلەرنىڭ ئۆمرى نېفىت ئېلىش مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا باغلىق.

ئۇزېن نېفىتلىكى رايونىنىڭ مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشى توغرىسىدىكى خەۋەر داۋاملاشمىغان. مەزكۇر نېفىتلىكنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغان، مەزكۇر نېفىتلىكنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە ئۇزېن نېفىت - تەبىئىي گاز بىرلەشمىسى سانائەت كارخانىلىرىدا بىخەتەرلىك ئۆلچىمىنى يۈرگۈزىدىغان مەمورىي ئورۇن، شۇ يەردىكى سەھىيە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش باشقارمىسىدۇر، نېفىت ئېلىش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى نازارەت قىلىدىغان ئورۇن مۇھىت ئاسراش كومىتېتىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم مۇستەقىل ھالدىكى دېڭىز - ئوكيان، ياۋايى ھايۋاناتلار، ئورمان ۋە تۇپراقنى قوغداش تەشكىلاتى بار. بىراق بۇ تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ماسلىشىش كەمچىل بولغانلىقتىن مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ناھايىتى چەكلىك.

ئۇزېن نېفىت - تەبىئىي گاز بىرلەشمىسىدە مۇھىت ئاسراش تەدبىرىنى يۈرگۈزۈشكە مەسئۇل ئورۇن مۇھىت ئاسراش باشقارمىسىدۇر. مەزكۇر باشقارمىدا جەمئىي ئالتە نەپەر خىزمەتچى خادىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى خادىم مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ. بۇ خادىملار ئەزەلدىن نېفىت ئېلىش ياكى مۇھىت ئاسراش جەھەتتە مەخسۇس تەربىيە كۆرمىگەن، بۇ ئورۇندا ھېچقانداق تەجرىبەخانا ۋە ئۈسكۈنىلەر يوق. نۆۋەتتە قازاقىستان دۆلەتلىك نېفىت تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇھىت ئاسراش تەجرىبەخانىسىدا خادىم ۋە ئۈسكۈنىلەر جەھەتتە قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن ئۇزېن نېفىت - تەبىئىي گاز بىرلەشمىسىنى ھەقلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى، بىراق ئۇزېن نېفىت - تەبىئىي گاز بىرلەشمىسى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ مۇلازىمەت ھەققىنى تۆلىيەلمىدى.

## مۇھىت ئاسراش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش

دۇنيا بانكىسىنىڭ ئۇزېن نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش تۈرىدىكى ئېكولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك قىسمى مەزكۇر تۈرنىڭ ئېكولوگىيىسىنى باھالاش جەريانىدا مۇھىت ئاسراش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلغان. ئۇنىڭ مەقسىتى ئۇزېن نېفىتلىكىنى نازارەت قىلىش تارماقلىرى قوللانغان تەدبىرلەرنى تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، ئۇنى ھازىرقى ئۆلچەمگە ماسلاشتۇرۇش، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېكولوگىيىگە بولغان يامان تەسىرىدىن ساقلىنىپ ۋە ئازايتىپ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈرۈش. مەزكۇر تۈردە يولغا قويۇلغان نېفىت سانائىتىنىڭ مۇھىتقا بولغان زىيانلىق رولىنى يېڭىش توغرىسىدىكى تەدبىر تۆت نۇقتىدىن تەركىب تاپىدۇ: (1) 3A نېفىت ئېلىش رايونىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلىپ، مەزكۇر رايون مۇھىتىنىڭ زىيانغا ئۇچراش دەرىجىسىنى دەلىللەش، رايوننى پاكىزە قىلىش پىلانىنى تۈزۈش ھەم يولغا قويۇش؛ (2) 3A رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان خىزمەت ئاساسىدا تەجرىبىلەرنى يىغىنچاقلاپ، نېفىتلىكنىڭ باشقا رايونىدىكى مۇھىتنىڭ زىيانغا ئۇچراش دەرىجىسىنى دەلىللەپ، زىياننى ئازايتىش ستراتېگىيىلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش؛ (3) زۆرۈر شارائىت ھازىرلاپ، ئۇزېن نېفىت - تەبىئىي گاز بىرلەشمىسىنى كەلگۈسىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى ئۆلچەش، كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش؛ (4) ئۇزېن نېفىت - تەبىئىي گاز بىرلەشمىسىنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش.

3A نېفىت ئېلىش رايونىنىڭ مۇھىتىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، مۇھىت ئەھۋالىغا

مۇناسىۋەتلىك سىستېمىلىق ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى بايقالدى ، بار بولغان بىر قىسىم چەكلىك سانلىق مەلۇماتمۇ مۇھىتنى باھالاش ئېلىپ بارغاندا قولغا كەلتۈرۈلگەن . كەلگۈسىدىكى مۇھىت كۆزىتىش سان جەھەتتە تۇپراقنىڭ كاربون - ھىدروگېن بىرىكمىلىرىنىڭ بۇلغىنىشىغا ئۇچراش دەرىجىسى ، بۇلغانغان رايونلارنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭدىكى زىيانلىق ماددىلارنىڭ مىقدارى ، نېفىت ئېلىش رايونىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ . مۇھىت ئۆلچەش نەتىجىسى بىزنى ئاساسىي سانلىق مەلۇماتقا ئىگە قىلىپ ، قايسى خىل ھەرىكەتنى قوللىنىپ مۇھىت شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە بۇنىڭغا كېتىدىغان مەبلەغ سانىنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىدۇ . بىراق مۇھىت ئۆلچەش ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى ئۆلچەش ۋە ھاۋانىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ .

ئېكولوگىيىلىك تېخنىكا جەھەتتە ياردەم بېرىش ۋە تەربىيىلەش پىلانى : ئۆزېن نېفىتلىكىنىڭ مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىدىكى خادىملارنىڭ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش ئەھۋالى كەمچىل بولغانلىقتىن خىزمەت ئىقتىدارىمۇ بىر قەدەر تۆۋەن . دۇنيا بانكىسى شۇ رايوندىكى مۇھىت ئەھۋالىنى باھالاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىپلا قالماستىن ، يەنە خىزمەت جەريانىدا ئۆزېن نېفىتلىكىدىكى مۇھىت ئاسراش خادىملىرىنى تەربىيىلەيدۇ ھەم ئۇلارنىڭ مۇھىت ئاسراشنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ . دۇنيا بانكىسى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ ، مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزېن نېفىتلىكىدىكى مۇھىت ئاسراش خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە مۇھىت ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ، مەزكۇر پىلان ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەسىلىلەر : ئېقىپ چىققان خام نېفىتنى تازىلاش ۋە تۆكۈش ، ئۇپراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، نېفىتلىكنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە تېخنىكىلىق تەربىيىلەش ، ئانالىز تەجرىبەخانىسى ۋە ئانالىز تەرتىپى ، مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى ئاساسىي سانلىق مەلۇماتلارنى تەتقىق قىلىش ۋە يېگىلاش قاتارلىقلار . بۇ پىلانلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇناسىۋەتلىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى پروگراما ۋە تەربىيىلەش نىزامى ئارقىلىق كۈچەيتىلدى . بۇ پروگراما ، نىزاملار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؛

( 1 ) مۇناسىپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئېكولوگىيىگە يامان تەسىر پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ؛

( 2 ) تېخنىكىنىڭ بىخەتەرلىك ، ساقلىقنى ساقلاش ئۆلچىمى ، ئۇنىڭ ئىچىدە خىيىم - خەتەرنى دەرىجىگە ئايرىپ باھالاش ۋە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىش ، ۋەقەلەرنى تىزىملاش تۈزۈمى ، مۇھاپىزەت خاراكتېرىدىكى مۇئەسسەسە ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىش قاتارلىقلار .

ئېكولوگىيە تەجرىبەخانىسى : 1989 - يىلى ئاقتاۋدا بىر ئېكولوگىيە تەجرىبەخانىسى قۇرۇلدى ، ئۇ نېفىت - تەبىئىي گاز مىنىستىرلىكىگە تەۋە بولۇپ ، نېفىت ۋە تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشىنى نازارەت قىلىش ۋە سۇ ئېقىمىنىڭ پۈركىلىش مودېلىنى لايىھىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ . مەزكۇر تەجرىبەخانىدا ئۈسكۈنىلەر كەمچىل بولغانلىقتىن نېفىتلىكنى دائىملىق نازارەت قىلىش ۋە بۇلغىنىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزدى . تەجرىبەخانىنىڭ نۆۋەتتىكى ئۆلچەش خىزمىتى ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى رايونىدىكى ھاۋا تەركىبىدىكى گىدرو سۇلفىدنىڭ مىقدارىنى

نازارەت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مۇناسىپ ئۈسكۈنىلەر بولمىغانلىقتىن مەزكۇر تەجرىبەخانا نازارەت قىلىش دائىرىسىنى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرگە كېڭەيتەلمىدى. يىغىنچاقلىغاندا، مەزكۇر تەجرىبەخانا ھەقلىق مۇلازىمەتنى يولغا قويغانلىقتىن ئۇزبېن نېفىت - تەبىئىي گاز بىرلەشمىسىنىڭ مەزكۇر تەجرىبەخانىغا بولغان مۇلازىمىتىنى چەكلەپ قويىدى. ھازىر مەزكۇر تەجرىبەخانا تەمىنلىيەلەيدىغان مۇلازىمەت تۈرى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسلىھەلىرى تولۇق تەجرىبەخانىدىن بىرنى قۇرغان بىلەنمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرىنى سەپلەش قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيا بانكىسى دىققىتىنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە قاراتتى:

(1) تەجرىبەخانىنىڭ ئانالىز نەتىجىسىگە ئېرىشىش، دالىلاردىكى ئەۋرىشكىلەرنى يىغىش، ئۈسكۈنىلەر ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلغۇچى كومپيۇتېرنى نازارەت قىلىش، مەزكۇر تەجرىبەخانىنىڭ نېفىت ئېلىش رايونىنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچلىرىگە نىسبەتەن باھالاش ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش؛

(2) دالا تەجرىبەخانىسى ۋە ئوپراشنى تەتقىق قىلىش تەجرىبەخانىسى قۇرۇپ، ئۇزبېن نېفىتلىكى رايونىنىڭ مۇھىتىنى توختىماي نازارەت قىلىش ۋە ئانالىز قىلىش. ھازىر ئاقتاۋدا قۇرۇلغان تەجرىبەخانا بۇ ۋەزىپىنى تېخى ئۈستىگە ئالمىدى.

دالا تەجرىبەخانىسىغا سەپلەش پىلانلانغان ئۈسكۈنىلەر: (1) ھەرخىل تۇپراق، سۇ، تۇپراق ئۈچۈچان ماددىلىرى ۋە گاز جىسىملارنى يىغىۋېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەركەتچان پورشىنلىق قۇرۇلما؛ (2) ھاۋارايى كۆزىتىش پونكىتى؛ (3) ھاۋانى ئۆلچەش ماشىنىسى؛ (4) يەر ئاستى سۈيىدىن نۇسخا ئېلىش ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلار.

جىددىي ئەھۋاللاردا ھەركەتلىنىش لايىھىسى ۋە مۇناسىپ مۇئەسسەسەلەر: ئۇزبېن نېفىت - تەبىئىي گاز بىرلەشمىسىنىڭ جىددىي ئەھۋاللارغا تېز ئىنكاس قايتۇرۇش لايىھىسى 1990 - يىلى تۈزۈلگەن ھەم ھەرقايسى نېفىت ئېلىش گۇرۇپپىلىرى ۋە سېخلارغا چاپلانغان. بۇ لايىھەدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان چوڭ - كىچىك ۋەقەلەر ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. بىراق، بۇ لايىھە ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇلغىنى يوق. ئېنىق بولمىغىنى، مەزكۇر لايىھەدە دالىدا نېفىت ئېلىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىش كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەر نەزەرگە ئېلىنغانمۇ - يوق، ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدىكى جىددىي ھادىسىلەرگە نىسبەتەن تېز ئىنكاس قايتۇرۇش سىستېمىسى بارمۇ - يوق. جىددىي ھادىسىلەرگە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، نېفىتلىكتە زۆرۈر بولغان ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلمىسى كەمچىل بولغانلىقتىن (ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسىنىڭ ئىشلىتىلىش مۇددىتى توشقان) ئاساسىي ئىنكاس قايتۇرۇش قۇرۇلمىسىنىڭمۇ يوقلۇقى بايقالدى. دۇنيا بانكىسى تېز ئىنكاس قايتۇرۇش پونكىتىنى يېڭىدىن قۇرۇپ، ھازىرقى جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇش لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ، پەۋقۇلئاددە ھادىسىنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى پەرەز قىلىدۇ ھەم ھادىسىنى تەل - تۆكۈس تۈگىتىش پىلانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلايدۇ. دۇنيا بانكىسى 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئاجرىتىپ، جىددىي ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان قۇرۇلما سېتىۋالىدۇ، ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج مىقدارى جىددىي ئەھۋاللارغا ئىنكاس قايتۇرۇش لايىھىسىدە بەلگىلىنىدۇ.

ئېقىپ چىققان خام نېفىتنى تازىلاش

ستراتېگىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش : ئۇزېن نېفىت ـ تەبىئىي گاز بىرلەشمىسى چەت ئەل شىركەتلىرىنى جەلىپ قىلىپ ئۇلارغا ھەق بېرىش ئارقىلىق نېفىتلىكتىكى چوڭ نېفىت كۆلىدىن ئېقىپ چىققان نېفىت ، باشقا لىنىيىدىن ئېقىپ چىققان نېفىت مەھسۇلاتلىرى ۋە نېفىت قېتىشمىلىرىنى تازىلاش جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . بۇ شىركەتلەر ئېرىشكەن ھەق يىغىۋېلىنغان نېفىتنى سېتىشتىن كېلىدۇ ، سانىمۇ ئىنتايىن چەكلىك ، خىزمەت نەتىجىسىمۇ كۆرۈنەرلىك ئەمەس . دۇنيا بانكىسى مەبلەغ ئاجرىتىپ مەسلىھەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۇزېن نېفىتلىكىگە تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى :

( 1 ) خەلقئارا نېفىتچىلىكتە ئورتاق قوللىنىلىدىغان نېفىت قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئومۇمىيۈزلۈك مۇلاھىزە قىلىش ؛ ( 2 ) ئۇزېن نېفىتلىكىدە بۇ خىل نېفىت قېزىش ۋە نېفىتتىن بۇلغانغان رايونلارنى تازىلاش تېخنىكىسىنىڭ سودا جەھەتتىكى ئاساسىنى دەلىللەش ؛ ( 3 ) ئۇزېن نېفىت ـ تەبىئىي گازبىرلەشمىسىنىڭ خەلقئارادىكى نېفىت قېزىش ۋە بۇلغىنىشنى تۈگىتىش تەجرىبىسىگە ئىگە شىركەتلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۇزېن نېفىتلىكىدىكى قېزىش ۋە بۇلغىنىشنى تۈگىتىش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇشتىكى سودا خاراكتېرلىك شەرت ۋە تەرتىپىنى تۈزۈشكە ياردەملىشىش ؛ ( 4 ) بۇلغانغان رايونلارنى تازىلاش ئۈچۈن ، ئۇزېن نېفىتلىكى چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغان تېخنىكا جەھەتتىكى مەبلەغ سانىنى ئېنىقلاش ؛ ( 5 ) نېفىت قېزىشقا مۇناسىۋەتلىك سودا سۆھبىتى ئۆتكۈزگەندە ، ئۇزېن نېفىت ـ تەبىئىي گاز بىرلەشمىسىنى تېخنىكا مەسلىھەتى بىلەن تەمىنلەش .

يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش : نۆۋەتتە ، مەزكۇر رايوندا دالىدا نېفىت قېزىش نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ھېچقانداق تەدبىر قوللىنىلغىنى يوق . دۇنيا بانكىسى مەبلەغ ئاجرىتىپ ئۇزېن نېفىتلىكىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى باھالاش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىشكە مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، قازاقىستان قۇملۇقىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك ھالىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك مۇلاھىزە قىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەھۋالى ، تېخنىكا ۋاسىتىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ ، يەنە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشى ۋە سۈنئىي ئۇسۇلدا تېرىش ، ئۆستۈرۈش ، ئوغۇتلاش ، تۇپراقنى ياخشىلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش .

بىخەتەرلىك تېخنىكىسىغا باھا بېرىش : ئۇزېن نېفىتلىكىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ساقلىقنى ساقلاش تېخنىكا ئەھۋالى كىشىنى رازى قىلالمايدۇ ، بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە ناھايىتى سەل قارالغان ، ئۈسكۈنىلەرمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان . نېفىتلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ئۈزلۈكسىز يامانلىشىشى ، ئەمگەك مۇھاپىزەت ئۈسكۈنىلىرى ۋە بىخەتەرلىك كىيىملىرى بىلەن تەمىنلەشنىڭ داۋاملىق ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئەمگەك بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىشنىمۇ بوشاشتۇرىۋەتتى . بىخەتەرلىككە كاپالەت قىلىش تېخنىكىسىغا باھا بېرىش تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : ئۈسكۈنىلەرنى بىخەتەرلىك جەھەتتە قەرەللىك تەكشۈرۈش ؛ نېفىتلىكنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ياخشىلاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۇنى قازاقىستان ، شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەر قايسى

نېفىت شىركەتلىرى قوللىنىۋاتقان بىخەتەرلىك ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش؛ بىخەتەرلىك كاپالىتى ۋە جىسمانىي سۇغۇرتىغا كېتىدىغان ئەڭ تۆۋەن مەبلەغنى ھېسابلاپ چىقىش.

ئەكرەم ئابلا ( ت )

# روسىيە كىيىم - كېچەك بازىرىنىڭ ئەھۋالى

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، روسىيە جەمئىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، كىشىلەرنىڭ كىيىنىشىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇ كىشىلەرنىڭ كىيىنىش ئېڭىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، ھەر قايسى دۆلەت كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ روسىيە بازارلىرىدىكى كەسكىن رىقابەت جەريانىنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى. 1990 - يىلدىن بۇرۇن روسىيە ئەر - ئاياللىرى كۆپىنچە كاستۇم - بۇرۇلكا ۋە ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيەتتى، ئاددىي - ساددا كىيىنەتتى، چۈ پانلار كىيىمنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئاياللارنىڭ ئۇزۇن ئىشتان كىيگىنىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى. ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ جۇڭگونىڭ ماشۇق چاپىنى، چوشقا خۇرۇمىدىن تىكىلگەن چاپان، توقۇلما شەپكە، سارجا رەختتىن تىكىلگەن ياۋروپاچە يەڭسىز كالتە يېپىنچا، ئىتاليە خۇرۇم ئايىغى، فرانسىيىچە ئۇششاق گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك قاتارلىق مەيلى شەرقنىڭ ياكى غەربنىڭ، مەيلى قوپال‌ياكى نەپىس بولسۇن ھەممىسى بار بولدى.

جەمئىيەتتىكى باي - نامراتلىق پەرقىنىمۇ كىشىلەرنىڭ كىيىنىشىدىن بىلگىلى بولىدىغان بولدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە، كاستۇم - بۇرۇلكا، پەلتو، باللار كىيىمى قاتارلىق ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەرنىڭ باھاسى ئەرزان بولۇپ، كىشىلەر كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىشتىن غەم قىلمايتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئادەتتىكى بىر قۇر كاستۇم - بۇرۇلكىنىڭ باھاسىمۇ 100 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىمى ئاران 800 مىڭ رۇبلى ( 75 ئامېرىكا دوللىرى ). كۆپ ساندىكى ئاھالىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كىرىمى ئاساسلىقى يېمەكلىك سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇرۇن ساقلاپ قويغان. بىراق، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش جەريانىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان 500 مىڭ «يېڭى روسىيىلىك» ئىچىدە نەچچە مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ فرانسىيىچە يۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن پەلتو سېتىۋالىدىغانلار مىڭنىڭ ئىچىدىن بىرى چىقىدۇ. ئادەتتە، بىر دانىسى 50 - 100 ئامېرىكادوللىرىغا يارايدىغان نەپىس ئىشلەنگەن چىڭلۇك پاختىلىق پەلتو كىرىمى تۆۋەن ئائىلىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ. كىرىمى ئوتتۇرھال بولغان ئائىلىلەر تۈركىيىنىڭ خۇرۇم چاپان ۋە خۇرۇم پەلتولىرىنى سېتىۋالىدۇ. چۇپانلار كىيىمى، ئېسىل ماركىلىق دەم ئېلىش كىيىملىرى ۋە تەن

ھەرىكەت كىيىملىرى ئىنتايىن كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماقتا. سوپىتى ئۆزگىچە، كىيىم - كېچەكلەر (يەنى 1991 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە تالىشىپ سېتىۋالدىغان جۇڭگونىڭ ماۋۇق چاپىنى بىلەن خۇرۇم چاپىنى) ناھايىتى تېزلا شاللىۋېتىلىپ، سوپىتى ئەلا كىيىم - كېچەكلەر (يەنى ئىتالىيىنىڭ ۋە تۈركىيىنىڭ خۇرۇم كىيىملىرى، ھەقىقىي «ئادىداس» كىيىملەر) بولسا ھازىرغىچە بازار تالىشىپ تۇرماقتا. كىيىم - كېچەكلەرمۇ ئەسلىدىكى جىددىي، غەمكىن تۈستىن ئاددىي، چاققان، كۆركەم، شوخ پاسونغا تەرەققىي قىلدى. روسىيىلىكلەر ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە ئاساسەن مەيلى قايسى خىل كىيىم - كېچەكنى تاللىسۇن، كىيىنىش دولقۇنى مەيلى قانداق ئۆزگەرسۇن، ئۇلار مۇنداق بىر خىل ئىنتىلىشنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ: كىيىم - كېچەكنىڭ بىر پۈتۈن گۈزەللىكى. ئۇلار كىيىم - كېچەكنىڭ پۈتۈنلەي ماسلىشىشىنى، يەنى باشقا كىيىدىغىنى، بويۇنغا ئورايدىغىنى، ئۇچىسىغا كىيىدىغىنى، پۇتقا كىيىدىنى، قولغا كۆتىرىۋالىدىغانلىرىدىن تارتىپ ھەممىسى سوپىتى ۋە رەڭگىگىچە ماسلىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

سوپەت بىلەن مەدەنىيەت، ئەقىل پاراسەت بىر گەۋدە قىلىنغان تاشقى شەكىل لايىھىسى، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن ئېستېتىك قارىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. كىيىم - كېچەكنىڭ پاكىزلىقىغا دىققەت قىلىش، ماسلاشتۇرۇپ كىيىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئىشەنچ ۋە تەبىئىيلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈش - روسىيىلىكلەرنىڭ كىيىم كىيىشتىكى خىسلىتى.

بۇۋەھەجەر (ت)

## باجنىڭ قازاقستاندىكى ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى

بازار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى كۆپ خىل تىجارەت ئەندىزىسىگە ئىگە بولۇپ، بۇ كارخانىلارنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، مۇلازىمەت سوپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە شەرت - شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

بازار ئىقتىسادىغا ئۆتۈشكە ئەگىشىپ، قازاقستاندىمۇ ئوخشاش بولمىغان مۈلۈكچىلىك شەكلىدىكى ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى قۇرۇش ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇھىم تەركىبىي قىسمى كوپىراتىپتىن ئىبارەت بولۇپ، قازاقستاننىڭ ھەمكارلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا 1990 - يىل بولسا ئەڭ گۈللەپ ياشنىغان يىل، شۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى كوپىراتىپلارنىڭ سانى 15 مىڭغا، كەسپىي خادىملار 300 مىڭغا يەتكەندى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى كوپىراتىپ ئىشلەپچىقارغان ۋە تەمىنلىگەن. ئەمما مۇتلەق كۆپ ساندىكى كوپىراتىپلار ئوبوروت

ساھەسىدىكى ئالاھىدە رولىنى نامايەن قىلغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، «شېرىكلىشىش قانۇنى» غا بىر قاتار ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈشكە سەۋەب بولغانىدى، بۇ قانۇن تاۋار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كوپېراتىپلارنىڭ تىجارەت كۆلىمىنى چەكلىگەنلىكى ھەم ئۇنىڭغا قارىتا باجنى ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈن، نەتىجىدە بۇ كارخانىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى تۆۋەنلەشكە باشلىغانىدى. 1990 — 1995 - يىلىغىچە ئارىلىقتا كوپېراتىپلار كېمىيىپ 2000 غا چۈشتى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا 75% ئازايدى. ئەلۋەتتە، بۇ مەزگىل ئىچىدە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار ئۈنۈملۈك ئېشىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى، بۇ ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي كۆرسەتمىسىگە باغلىق.

شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىش باشلانغان دەسلەپكى باسقۇچتا كوپېراتىپ باجدا ئېتىباردىن بەھرىمان بولغاچقا، ئۇنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ باردى. ئەكسىچە كىچىك كارخانىلارغا تېخىمۇ كۆپ ئىمتىياز بېرىلگەندە بولسا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارغا ئۆتتۈش تەرەققىي قىلدى. گەرچە 1995 - يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە يەنىلا 11 مىڭ 500 كىچىك تىپتىكى كارخانا، 150 مىڭ كەسپىي خادىم مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ۋاستىچىلىق ۋە ھاۋالە قىلىش پائالىيەتلىرىگە تايىنىدۇ.

كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىزكى، كىچىك كارخانىلار ئىزچىل ھالدا تۇراقلىق بولمىغان يۆنىلىشنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ پەقەت ئۇنىڭ تۆۋەن مىقدارلىق پايدىسىدىلا ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى يەنە كارخانا پائالىيەتلىرىگە خاس بولغان تىرىكچىلىك دەۋرىيلىكى جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ھەر قايسى كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تىرىكچىلىك دەۋرىيلىكىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئامىللارغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تاقىلىپ كېتىشىنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى شۇكى، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشى مەغلۇپ بولدى، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىسى يوق. شۇڭلاشقا، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار دائىم چوڭ تىپتىكى كارخانىلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىدۇ. گەرچە بۇ خىل ئەھۋال ئىنتايىن ئاز كۆرۈلسىمۇ، لېكىن يەنىلا كىچىك تىپتىكى كارخانىلار ئۆزى ئوتتۇرا تىپتىكى ھەتتا چوڭ تىپتىكى كارخانىلارغا ئايلىنالايدىغان ئەھۋاللار ھەمىشە بولۇپ تۇرىدۇ. كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى كۆپلەپ قىسقارتىش ئۇنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە قىلچە تەسىر كۆرسەتمىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار قازاقىستاندىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت، يەنى بىر تەرەپتىن كىچىك كارخانىلارنى كۆپلەپ قىسقارتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە نۇرغۇن كىچىك تىپتىكى كارخانىلار قايتىدىن قۇرۇلۇپ بولدى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كىچىك تىپتىكى تىجارەت كۆلىمىگە ئىگە شىركەت ۋە كارخانىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۇلارنىڭ ۋەيران بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ ئىشتا كونا باج تۈزۈلمىسى تامامەن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئەينى چاغدا، كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن دەسلەپكى ئىككى يىلدا باج ئېلىنمايدۇ، كېيىنكى ئىككى يىللىق ئاساسىي باسقۇچتا سانائەت، بىناكارلىق رېمونتچىلىقى، پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلاردىن

پەقەت 50% باج ئېلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنىدى . نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلدا تامامەن ئىشلەپچىقىرىش ئېگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارى بار بولۇپ ، كېيىن كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالدى ، پەقەت زىيان تارتقان ئەھۋال ئاستىدىكى ئوبوروتنى ئارانلا ساقلاپ قالالىدى . بۇ كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرى يەنە قايتىدىن يېڭى كوپىراتىپ ياكى كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى قۇردى ، بۇنىڭدىن مەقسەت باج كەچۈرۈم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئېتىبار بېرىش شەرتىدىن يەنە بىر قېتىم پايدىلىنىشتۇر . 1992 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە ، « دېھقانلار تىجارەت قانۇنى » دا ھەر قانداق شەكىلدىكى دېھقانلار ئىقتىسادىغا قارىتا باجنى كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلەنگەنىدە بۇ خىل ئەھۋال كۆپ ئۇچرىغانىدى . ئەينى چاغدا دېھقانلار ئېگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ سانى 16 مىڭ 300 دىن بىراقلا 22 مىڭ 300 گە ئېشىپ ، ئۇلار ئاساسلىقى تاۋار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، بىۋاستە يېزا ئېگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تاشلىغانىدى . ئەگەر دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانىدى دېگەن تەقدىردىمۇ ، پەقەت شەكىل بىلەنلا چەكلىنەتتى ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر يېزا ئېگىلىك ئىقتىسادىي ۋېۋىسكىسىنى ئېسىۋېلىپ ماگىزىن ئاچقان ، بۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن ئوبوروت مەبلىغى بىر مىليون رۇبلىغا يەتكەن بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى باج ئېلىشنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يېتەرسىز بولۇشىدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ .

بۇنىڭدىن باشقا ، باجنى كەچۈرۈم قىلىش جەريانىدا قويۇشقا تايىنىپ دۆلەت غەزىنىسىگە پۇل تاپشۇرۇشقا قارىتا ئەكس تەسىر پەيدا قىلدى ، چۈنكى باج كەچۈرۈم قىلىنغان مەزگىلدە ئىشنى بۇرمىلاپ مەلۇم قىلىش ياكى يوشۇرۇپ مەلۇم قىلماسلىقنى نىسبەتەن جەرىمانە قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس . نۇرغۇن تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئاتچوت ماتېرىياللىرىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە قارىتا تەكشۈرۈش نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، ستاتىستىكىلىق ھېسابات يېتەرسىز ، ئەمەلىيەتنى بۇرمىلاش ئەھۋالىمۇ مەۋجۇت .

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى يىغىنچاقلىغاندا ، بىز تۆۋەندىكى خۇلاسىگە ئېرىشەلەيمىز :

بىرىنچى ، باج كەچۈرۈم قىلىش ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەيلا قالماستىن ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ ، ئۇنىڭ ئىلگىرىلىمەي توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈپ ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولماي قالدى .

ئىككىنچى ، بىر قەدەر يۇقىرى باج نىسبىتىنى بەلگىلەش قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىقتىسادىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ جەلپ قىلىنىشىغا توسالغۇلۇق قىلىپ ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى توختىتىپ قويىدۇ ، ئەكسىچە بىر قەدەر تۆۋەن بولغان باج نىسبىتى يەنە دۆلەت مالىيە كىرىمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ .

بۇنىڭدىن قارىغاندا ، باجنىڭ قازاقىستاندىكى ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رولى ۋە تەسىرى بار .

« قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى باج قانۇنى » نىڭ تۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ ، قازاقىستاندىكى ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بارغانسېرى ئازايماقتا ، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى

ئىلگىرى سۈرىدىغان سىستېمىلىق تەدبىرلەر يېتەرسىز بولۇپ، ئۇ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ باشقا ئىقتىسادىي ئاساسىي گەۋدىلەر بىلەن بولغان باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە باج باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

باج ئېلىشتا قاتتىق بولۇش ئارقىلىقلا هازىرقى بۇ خىل ئاپەت خاراكتېرلىك هالەتتىن يېڭى ياخشى سەۋىيىگە يەتكىلى بولامدۇ؟ هەر قانداق باج ئېلىشتىكى قاتتىق تەدبىرلەرنىڭ هەممىسى بۈگۈنكى كۈندىكى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ بىزارلىقىنى ۋە نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. يەنە كېلىپ هازىرقى كۈنلەردە باج پۇلى يىغىلمايۋاتىدۇ، بۇ باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ باج تاپشۇرۇشنى خالىمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىدىمۇ تاپشۇرغىدەك پۇل يوق. شۇڭلاشقا، قازاقىستانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش بولۇپ، ئۇنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە غەيرىي ئۇنۇمدارلىقنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئەۋزەللىكى شۇ يەردىكى، مەركەزلەشتۈرۈپ مەبلەغ سالماستىنلا يېڭى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ كەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە تەننەرخىنىڭ يىغىۋېلىنىشى تېز، مەبلەغنىڭ ئىگىلىشى ئاز، ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىيالىشى قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.

ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى كىچىك تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت بازار ئېھتىياجىنى تېز سۈرئەتتە قاندۇرۇپ، رايون خاراكتېرلىك مونوپولىيىنى يېڭىپ، رىقابەتنى كېڭەيتەلىسە، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىلغار نەتىجىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئېكسپورتنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يەرلىك خام ئەشيا بايلىقىدىن ۋە ئىشلەپچىقىرىش تاشلاندۇقلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنالىسا، ئاندىن پۇت دەسسەپ تۇرالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار يەنە ئەمگەك ئەمەلىيىتى دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىشسىز ئاھالىلەر ۋە ئۈنۈمسىز ئىگىلىك كارخانىلىرىدىكى بىكار خادىملارنى يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەمما تا هازىرغىچە قازاقىستاننىڭ كارخانىلارنىڭ كۆلىمىنى تەكشۈرۈپ باهالاشقا مۇناسىۋەتلىك ئۆلچىمى تېخى ئېنىق بەلگىلەنمىدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ماھىيەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇش ئۈچۈن، قازاقىستان ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق رىقابەت مۇھىتىنى بەرپا قىلىشى، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى تىجارەت ئاساسىي گەۋدىلىرى پۈتۈن مەملىكەت تىجارەت ئاساسىي گەۋدىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 50% — 60% نى ئىگىلىشى كېرەك، هازىرقى باسقۇچتا بولسا 20% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بازار ئىقتىسادىنىڭ ئالاهىدە تارماقلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخى قۇرۇلمىدى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا گەرچە مۇشۇ ساھەدىكى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ھەقىقىي تولۇق جارىي قىلدۇرۇلمىدى.

«ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەسىلە بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1995 - يىلىلا قازاقىستاننىڭ «ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىسادىي پروگراما» سىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، هازىر بۇ مەسىلىگە

مۇناسىۋەتلىك قانۇن لايىھىسىمۇ پارلامېنتنىڭ مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى . بۇ لايىھىنىڭ ماقۇللىنىشى نۇرغۇن ئامىللارغا باغلىق . جامائەتچىلىك كارخانىچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ قانۇننى تۈزۈشكە قاتناشتى ، بۇ لايىھىنى ئاممىغا ئېلان قىلىش لوگىكىلىق تەلەپكە ئۇيغۇن ، چۈنكى پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئاندىن ئۇنى تولۇق چۈشىنەلەيدۇ ۋە تونۇيالايدۇ ، ھەممە ئۆزلىرىنىڭ پىكرى ۋە ئويىنى بىلدۈرەلەيدۇ . 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى قازاقىستان زۇڭتۇڭىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان تۈزۈلمىلەرنى تەڭشەش شتات كېمەيتىش ئىشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ئىشسىزلىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار جەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ چوڭ بولغان پۇل تېپىشقا ئوڭاي ياخشى جاي . شۇڭا بۇگۈنكى قازاقىستان ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇھتاج . بۇنداق بولغاندا ، قانۇن تۈزگەندە پەقەت تىجارەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنىلا نەزەردە تۇتۇپ قالماستىن ، يەنە تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقانلارنىمۇ كۆزدە تۇتۇش كېرەك .

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتا ئوبيېكتىپ زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى :

بىرىنچى ، دۆلەت ئومۇمىي خەلق ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك ؛

ئىككىنچى ، كارخانىلار كۆلىمىنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە ئېنىق بەلگىلەش كېرەك ؛

ئۈچىنچى ، باج قانۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش كېرەك .

بۇنىڭغا قارىتا تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەكلىپنى بېرىمەن :

بىرىنچىدىن ، قازاقىستاندىن ئىبارەت بۇ مۇستەقىل دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، 1 — 99 غىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولغان كارخانىلار كىچىك تىپتىكى كارخانا ، 100 — 500 گىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولغان كارخانىلار ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار قىلىپ بېكىتىلىشى كېرەك .

ئىككىنچىدىن ، ئومۇميۈزلۈك يىللىق باج تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ، يەنى يىللىق ئومۇمىي كىرىمدىن باج ئېلىش تۈزۈمى نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىشلىتىپ ، يىللىق ئومۇمىي كىرىمدىن قوشۇلما قىممەت بېجىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن يەنە باشقا ھەر قانداق پۇلنى تۇتۇۋالماسلىقى كېرەك . تاپاۋەت بېجى 5% قىلىپ بەلگىلىنىشى ، ھەممە پايدا ئالغان ۋە نورمىدىن ئارتۇق پايدا ئالغان ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ باج نىسبىتى تۆۋەنلەپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 25% ۋە 50% بولۇشى كېرەك .

ئۈچىنچىدىن ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ باج نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 25% ۋە 10% كە تۆۋەنلىتىلىشى كېرەك .

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكى دۆلەت خام چوت
مەھكىمىسى باش ئىقتىساد شۇناسى :
ئايتىبېك . ئالپوۋ

# قازاقستان 1997 ـ يىلى ئاشلىقتىن 12 ـ 12.5 مىليون توننا ھوسۇل ئېلىشى مۇمكىن

قازاقستان جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى سېرىك. ئاخىمبېكوۋنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇ يىل ئاشلىقتىن 12—12.5 مىليون توننا ھوسۇل ئېلىشنى مۆلچەرلەۋېتىپتۇ. بۇ سان 1996 ـ يىلىغا قارىغاندا 700 مىڭ توننا ئاز بولىدىكەن. مىنىستىر ئەپەندىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ھوسۇلنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىكى سەۋەب، ئۆتكەن يىلى ئاشلىق تېرىلغۇ يەر مەيدانى 17 مىليون گېكتار كېمەيگەن بولۇپ، بۇ يىل 15 مىليون 500 مىڭ گېكتار ئازىيىپ كەتكەن. بولۇپمۇ تاشقى سودا بازارلىرىدىكى بۇغداي باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى بىلەن بۇغداي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان.

مىنىستىرنىڭ قارىشىچە، جۇمھۇرىيەتنىڭ بۇ يىلقى دانلىق زىرائەت بىرلىك مەھسۇلات مىقدارى ئۆتكەن يىلنىڭ بىر گېكتاردا 800 كىلوگرام سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالالايدىكەن. ھازىر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان 8 رايوندا 1 مىليون 500 مىڭ گېكتار يەردىن يىغىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ دېننى ئايرىش خىزمىتى تاماملىنىپ بولغان. مۆلچەرلەشكە قارىغاندا، شىمالىي قازاقستاننىڭ قوستاناي، ئاقتۆبە ئوبلاستلىرى ۋە جەنۇبىي قازاقستاننىڭ ھەر قايسى ئوبلاستلىرى ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشى مۇمكىن.

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى، بۇ يىل دۆلەت سېتىۋالىدىغان ئاشلىق 187 مىڭ توننا، قالغان ئاشلىق بازاردا ئەركىن سېتىلىدۇ، دېگەن. مىنىستىرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئاشلىق ئېكسپورت مىقدارى ئۆتكەن يىلدىن ئاز بولمايدىكەن. دۆلەت ئىچىدىكى بازار باھاسى دۆلەت سىرتىدىكى بازار باھاسىنىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرىغانلىقتىن 1996 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ ئاشلىق باھاسى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كەتتى.

بۇ يىلقى بۇغداينىڭ باھاسى: 3 ـ دەرىجىلىك بۇغداينىڭ باھاسى جەنۇبىي قازاقستان ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونىدا بىر توننىسى 105 ئامېرىكا دوللىرى. شىمالىي قازاقستاندا بولسا بىر توننىسى 110 ـ 117 ئامېرىكا دوللىرى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى بۇ يىل كۈزدىن باشلاپ بۇغداي باھاسى ئۆرلىشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلماقتا.

(قازاقستان «پانوراما» گېزىتىدىن، ئىلدان ئىسھاقوۋ تەرجىمىسى)

# قىرغىزستان ئايروپىلان ياسىيالايدىغان بولدى

بىشكەك «داستان» ئاكسىيە جەمئىيىتىنىڭ باش مۇدىرى سۇلتانبېك ئابالدىيېۋ يېقىندا تېپتىكى «تۇ ـ 34» يولۇچىلار ئايروپىلانىنى ئىشلەپچىقارماقچى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇ پىلاننىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئۇلارنىڭ تۇپولىيوۋ لايىھىلەش ئورنى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنامە

كاپالەتلىك قىلىدۇ. دۇنيادا داڭقى بار بۇ لايىھىلەش ئورنىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى قىرغىزىستانغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بىشكەك ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭ بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ زىممىسىدىن چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەندى.

«داستان» ئاكسىيە جەمئىيىتى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە يېرىم مەخپىي ھەربىي سانائەت ئورنى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە «فىزىكا ئەسۋابلىرى» زاۋۇتى ئىدى. بۇ مەخپىي ئىسىم ئارقىسىدا ئەڭ زامانىۋى تورپېدىنى ئىشلەپچىقىراتتى. يادرو بومبا ئېلىپ يۈرەلەيدىغان بۇ تورپېدىلارنىڭ لايىھىلىنىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىلىشى مۇشۇ زاۋۇتتا بولۇپ، سىناق قىلىنىشى ئىسسىق كۆلدە ۋە چەكلەنگەن رايوندا ئېلىپ باراتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن بۇ زاۋۇت ھەربىي زاكازسىز قېلىپ، ئاستا ـ ئاستا ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. زاۋۇتنىڭ ھازىرقى يېڭى باشلىقى ئەسلىدىكى ئالەمگە ئۇچۇش ئىنستىتۇتىنىڭ ئالاھىدە لايىھىلەش ئورنىنىڭ رەھبىرى ئىدى. ئۇ بۇ ئاتاقلىق زاۋۇتنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن «چولڭ ئىش» تىن باشلاشنى توغرا كۆرۈپ، «توپولىيوۋچىلار» بىلەن يۇقىرىدىكى كېلىشىمنامىغا قول قويدى.

ئايروپىلان ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن بۇ زاۋۇت خېلى كۆپ تەييارلىق قىلىشى كېرەك. لېكىن، بۇ ۋەزىپىنىڭ ئۆزى زاۋۇت كوللېكتىپىنى روھلاندۇردى، ئەسلىدىكى كەسپىنى ئۆزگەرتكەن، قىرغىزىستاندىن كەتمەكچى بولغان نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر زاۋۇتقا قايتىپ كەلدى. بۇ زاۋۇت ھازىر تۇرمۇش بويۇملىرى، مۇرەككەپ ئەسۋابلار ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. ھەربىيلەرمۇ زاكاز قىلىشقا باشلىدى. بۇ زاۋۇت ئايروپىلان ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تېخنىكا، لايىھىلەش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى نامايەندە قىلىپ راۋاج تاپقۇسى.

(روسچە «ئاسىيا ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش» گېزىتىدىن، ئىلدان ئىسھاقوۋ تەرجىمىسى)

# تۈركمەنىستان ئىنچىكە تالالىق پاختىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتمەكچى

تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى نىيازوۋ 1997 ـ يىلى ئىنچىكە تالالىق پاختىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى 100 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشخاباد ۋە مارىي ئوبلاستلىرىنىڭ 50 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. 1998 ـ يىلى بۇ ئىككى ئوبلاستنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى 200 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزمەكچى.

نۆۋەتتە پەقەت بەشتىن بىر قىسىم يەرگە تېرىلغان بولۇپ، بۇ 20 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەك كېلىدۇ.

تۈركمەنىستان يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، تۈركمەنىستان دۆلەتلىك پاختا بايلىقىنى باشقۇرۇش باش ئىدارىسى، تۈركمەنىستان ئىچكى كابىنېتىغا قاراشلىق دۆلەتلىك ئۇرۇق تەكشۈرۈش مەركىزى 1997 ـ يىلى ئىنچىكە تالالىق پاختىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن 1996 ـ يىلى يىغىۋېلىنغان كېۋەزدىن كېرەكلىك مىقداردىكى ئۇرۇقنى قالدۇرۇش ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار ھازىر تۈركمەنىستان پاختىسىنىڭ خەلقئارالىق بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش

ئۈچۈن چارە - تەدبىرلەرنى قوللانماقتا.

تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتى ماقۇللىغان «دۆلەت سېتىۋالغان چىگىت باھاسى ۋە 1996 - يىلى يىغىۋېلىنغان پاختا تالاسىنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق» تا 1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن ئۆتتۈرا ۋە ئۇزۇن تالالىق پاختا ئۇرۇقىنىڭ بىر توننىسىنىڭ باھاسى 1 مىليون مانات (تەخمىنەن 200 دوللار) بولۇش بەلگىلەنگەن. لېكىن ئىنچىكە تالالىق پاختا ئۇرۇقىنىڭ بىر توننىسى 1 مىليون 500 مىڭ مانات بولۇپ ئەمەلىي باھا بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 - 2 ھەسسە يۇقىرى بولغان.

تۈركمەنىستان دۆلەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ ھېسابلىشىچە، 1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە يىغىۋېلىنغان بارلىق چىگىت 218 مىڭ 489 توننا بولۇپ، دۆلەت بېكىتكەن 1 مىليون 400 مىڭ توننىنىڭ 15.61% نى ئىگىلىگەن. 1996 - يىلى تۈركمەنىستاننىڭ يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى يىغىۋالغان 400 مىڭ توننا سۈپەتلىك پاختا تالاسىنىڭ كۆپ قىسمىنى پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈركمەنىستان دۆلەتلىك ئىشلەپچىقىرىش خام ئەشيالىرى بىرژىسىدا ساتتى.

# قازاقستان جېزقازغان ئوبلاستىنىڭ مېتاللورگىيە بىرلەشمە كارخانىسى ئەسلىگە كەلمەكتە

قازاقستان جېزقازغان ئوبلاستى رەڭلىك مېتال كارخانىسىنىڭ مېتاللورگىيە سېخى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە بۇ سېخنىڭ ئىككى پولات تاۋلاش سېخى ئىمپورت قىلىنغان ئەڭ ياخشى ئۈسكۈنىلەرنى قوللىنىپ چوڭ رېمونت ئېلىپ باردى ھەمدە زامانىۋىلىشىشنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇردى. پولاتنى ئانودلۇق بىر تەرەپ قىلىپ قۇيۇش قۇرۇلمىسى ئالماشتۇرۇلدى. ھازىر بۇ سېخ بىر يىلدا 200 مىڭ توننا يۇقىرى ئىقتىسادىي تېخنىكا ئۆلچەملىك مىس تاۋلىيالايدۇ.

مېتاللارنى تولۇق ۋە بىخەتەر تاۋلاشنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ بىرلەشمە كارخانا ھازىر بىر يۇرۇش يېڭى، بۇندىن كېيىنكى كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ھازىر ۋىلايەتتىكى مىس كانىنى ئېچىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، كارخانا يەنە ئېنېرگىيە مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلدى. شۇڭا، ھازىر شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، پەقەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىلا پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قالماي، بەلكى پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغىمۇ تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، يۇقىرى پايدىغا ئىگە قىلدى ۋە يېتەرلىك باجىنىمۇ تاپشۇردى.

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت مەبلەغ سېلىش نۇقتىسىغا ئايلاندى

سىۋىرىخ شىۋىتسارىيە بانكا جەمئىيىتى يېقىندا ئېلان قىلغان بىر تەتقىقات دوكلاتىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلىرى: قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستانلارنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، ئەمما بۇ دۆلەتلەرنىڭ بازىرى ئېچىلمىغان، نۆۋەتتە ئۇلار ئىقتىسادىي ئۆسۈش دەۋرىگە كىرىشكە باشلىغانلىقتىن بۇ دۆلەتلەر چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلار قىزىقىدىغان نۇقتىلىق رايونغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، دېيىلگەن.

دوكلاتتا يەنە قازاقىستان ئەسلىدە دانلىق زىرائەت ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلاتتى، ھازىر سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى نىسبىتى 52% گە يەتتى دېيىلگەن. ھازىر ئامېرىكىنىڭ مولبو نېفىت شىركىتى بۇ دۆلەتنىڭ نېفىت ساھەسىگە كىردى. خەلقئارالىق بىر مالىيە تەشكىلاتىمۇ ئۇلارنىڭ قارا دېڭىزغا تۇتىشىدىغان نېفىت تۇرۇبا يولىنى قۇرۇشىغا ياردەم قىلماقتا. مۆلچەرلەشكە قارىغاندا، قازاقىستاننىڭ نېفىت ئېكسپورتى كەلگۈسىدىكى ئىككى يىل ئىچىدە 50% ئېشىشى مۇمكىن. دوكلاتتا، ئۆزبېكىستاننىڭ ئاھالە نوپۇسى ياش، تەربىيىلىنىش سەۋىيىسى يۇقىرى، شۇڭلاشقا بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ شۇ رايونلارنىڭ سانائەت ۋە سودا مەركىزى بولۇپ قېلىشىدا ئۈمىد زور دېيىلگەن. دۇنيا بويىچە پاختا ئېكسپورت قىلىشتا بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئۆزبېكىستان پاختا ئېكسپورتىنىڭ كېلىمات ۋە چەت ئەل بازىرىغا بولغان باغلىنىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك. شۇڭا، ئۆزبېكىستان سانائەت قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتمەكچى. ئامېرىكا نيوۋمېنت كان سانائىتى شىركىتى بۇ دۆلەتنىڭ ئالتۇن قېزىش ساھەسىگە ياردەم بەردى. كورىيە دايۇكونسېرن شىركىتى بۇ دۆلەتتە بىر ئاپتوموبىل زاۋۇتى قۇرماقتا. مۆلچەرلىنىشىچە، 2000 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى 160 مىڭ ئاپتوموبىلغا يەتكۈزىدىكەن.

تۈركمەنىستاننىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى مول، شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى دائىم كۇۋەيت بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. بۇ دۆلەتتە خەلقئارالىق كىرىم - چىقىم مەسىلىسى بولمىغاچقا، خەلقئارادا فوند تەشكىلاتىنىڭ ياردىمىگە تايانمايدۇ. تۈركمەنىستان ئەركىن سودا رايونى قۇردى ھەم چەت ئەل شىركەتلىرىگە باجدا ئېتىبار بەردى.

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى مول كان ۋە سۇ بايلىقىغا ئىگە. ئەمما ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش نىسبىتى پەقەت 10%. نۆۋەتتە بۇ دۆلەت ئىستېمال بويۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كانادانىڭ ياردىمى بىلەن ئالتۇن ئېچىش سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرماقتا. چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، بۇ دۆلەتمۇ بىر ئەركىن سودا رايونى قۇردى. تاجىكىستان بۇ رايوندىكى بىر ئاز قالاق دۆلەت بولۇپ، ئەڭ مۇھىم بايلىقى سۇ كۈچى بىلەن مىنېرال ماددىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاجىكىستاننىڭ ئىسلاھات مۇساپىسى

باشلاندى، چەت ئەل شىركەتلىرى بۇ دۆلەتتە يېمەكلىك ۋە ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى.

شاھزادەم سبىيت (ت)

# تۈركمەنىستان قەرز پۇل ئىشلىتىپ كۆممىقوناق تېرىماقچى

تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتى ئاشلىق يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئامېرىكىنىڭ «سابايىنكى» شىركىتى بىلەن ئامېرىكا ئىمپورت ـ ئېكسپورت بانكىسى بەرگەن قەرز پۇلنى ئىشلىتىپ، قىممىتى 3 مىليون 356 مىڭ دوللار كېلىدىغان شالغۇت كۆممىقوناق ئۇرۇقىنى سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى توختامنى ئىمزالىدى. قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى بىر يىل بولۇپ، قوشۇمچە قەرز پۇلنى بۇ بانكىنىڭ سوغۇرتا خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

دۆلەتلىك يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تۈركمەنىستان تاشقى سودا بانكىسى بىلەن قەرز پۇلنىڭ دىرى ۋە پايدىسىنى، رەسمىيەت ھەققى ۋە سوغۇرتا ھەققىنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.

تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى قەرز پۇلنى قايتۇرۇشقا قەتئىي، شەرتسىز كاپالەتلىك قىلىدىغان بولدى.

# خەلقئارا بازاردا رەڭلىك مېتالنىڭ باھاسى ئومۇميۈزلۈك ئۆرلىدى

خەۋەرلەرگە قارىغاندا: مىس، ئالىيۇمىن قاتارلىق رەڭلىك مېتاللارنىڭ خەلقئارالىق بازاردىكى باھاسى ئۆرلەشكە باشلىغان. بۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئاساس قىلغان پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجى ئېشىپ، تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج مۇناسىۋىتىنى بارغانسېرى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لوندون مېتال بويۇملار بىرژىسىنىڭ بەلگىلىگەن زاپاس مىقدارىنىڭ شىددەت بىلەن ئازىيىپ كېتىشىمۇ خەلقئارالىق بازار باھاسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۆرلەپ كېتىشىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

6 ـ ئاينىڭ باشلىرى لوندون مېتال بويۇملار بىرژىسىدىكى مىسنىڭ ئۈچ مەزگىللىك مال پۈتۈشۈش باھاسىنىڭ توننىسى 2542 دوللار بولۇپ، ئۆتكەن يىلى 6 ـ ئايدا مىس سودىسىدا زىيان تارتقان ئەڭ يۇقىرى باھا سەۋىيىسىنى يېڭىلىدى. بۇ بازاردىكى ئالىيۇمىنىنىڭ پۈتۈشۈش باھاسىمۇ ئۆتكەن يىلى 10 ـ ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن باھا توننىسى 1305 دوللاردىن تېزلىكتە ئۆرلەپ 6 ـ ئايدا توننىسى 1627 دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا باشقا رەڭلىك مېتاللارنىڭ باھاسىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئۆرلەشكە يۈزلەندى.

ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادى جانلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ماشىنا، ئېلېكترون پارچە زاپچاسلىرىغا ئىشلىتىدىغان رەڭلىك مېتاللارغا بولغان ئېھتىياج مىقدارى تېزلىكتە ئاشتى، ياۋروپانىڭ پۈتۈن سانائەت ساھەسىدىمۇ رەڭلىك مېتاللارغا بولغان ئېھتىياج مىقدارى ئۈزلۈكسىز

ئاشتى. ياپونىيىنىڭ كارخانا ئىشلەپچىقىرىشى 100% ئىش باشلاش نىسبىتىگە يېقىنلاپ قالغانلىقتىن رەڭلىك مېتاللارغا بولغان ئېھتىياج مىقدارىمۇ تېزلىكتە ئېشىشقا باشلىدى.

لوندون رەڭلىك مېتاللار بىرژىسىنىڭ بەلگىلىگەن زاپاس مىقدارى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ 5 ـ ئايدىكى مىسنىڭ زاپاس مىقدارى 133 مىڭ 200 توننىغا چۈشۈپ قالغان، بۇنى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا سېلىشتۇرغاندا 40.1% (تەخمىنەن 90 مىڭ توننا) ئازىيىپ كەتكەن. بۇ بىرژىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى بەلگىلىگەن زاپاس مىقدارىمۇ 74 مىڭ 400 توننىلىق سەۋىيىگە چۈشۈپ قالغان. بۇ يىلنىڭ باشلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك زاپاس مىقدارى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۆۋەنلەش دەرىجىسى 22% (تەخمىنەن 210 مىڭ توننا) بولغان.

پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك رەڭلىك مېتاللارغا بولغان ئېھتىياج مىقدارىنىڭ تېزلىكتە ئېشىپ كېتىشى ۋە لوندوندىكى مۇناسىۋەتلىك زاپاس مىقدارى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كېتىشتەك ئەھۋال ئاستىدا، خەلقئارالىق بازاردىكى رەڭلىك مېتالنىڭ باھاسى بۇندىن كېيىنمۇ بىر قەدەر ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئېشىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىشىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

## روسىيە شېكەر ۋە چاي ئىمپورت قىلىشتا ئېلىنىدىغان باج نىسبىتىنى تەڭشىدى

روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى 417 ـ نومۇرلۇق «روسىيىنىڭ شېكەر ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنى يۆلەش چارە ـ تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى بۇيرۇق» نى ئېلان قىلىپ، 1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ روسىيە فېدېراتسىيىسىگە ئىمپورت قىلىنىدىغان بارلىق شېكەر ئۈچۈن، تاموژنا قىممىتىنىڭ 25% ى بويىچە باج ئېلىنىشى يولغا قويۇلۇشىنى، لېكىن ھەر بىر كىلوگرام ئۈچۈن ئېلىنىدىغان باج ئاز دېگەندە 0.07 ياۋروپا پۇل بىرلىكىدىن ئاز بولماسلىقىنى بەلگىلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان 478 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقتا 1997 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىمپورت قىلىنغان يېشىل چاي (ئېچىتىپ بىر تەرەپ قىلىنمىغان چاي) ۋە پەمىل چاي (ئېچىتىپ بىر تەرەپ قىلىنغان چاي) ئۈچۈن تاموژنا قىممىتىنىڭ 20%ى بويىچە باج ئېلىنىدىغانلىقى، لېكىن ھەر بىر كىلوگرام ئۈچۈن ئېلىنىدىغان باج 0.4 ياۋروپا پۇل بىرلىكىدىن كەم بولماسلىقى بەلگىلەندى. (01)

## تۈركىيە روسىيىدە سودا مۇلازىمەت جەھەتتە شېرىكلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشقا تىرىشماقتا

1997 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە «گېيوكەيلى» شىركىتى تۈركىيىنىڭ

روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن روسىيە كۆرگەزمە مەركىزى تۆتىنچى سارىيىدا «تۈركىيە - 97» كۆرگەزمە يىغىنىنى ئاچتى. بۇ مەزگىلدە تۈركىيىدىكى 60 نەچچە زاۋۇت ۋە ماگىزىننىڭ مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

كۆرگەزمە يىغىنىدىن ئاۋۋالقى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، تۈركىيىنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى باش سودا مۇلازىمەت مەسلىھەتچىسى ت. زيوۋان: تاۋار كۆرگەزمىسىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى، روسىيە سودا ساھەسىگە تۈركىيىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى تونۇتۇش ۋە روسىيە - تۈركىيە سودىسىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت، دېدى. ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، تەرەققىي قىلىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور.

يېقىنقى قىسقىغىنە ئىككى يىل ئىچىدە روسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئومۇمىي سوممىسى بۇندىن ئون يىل بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئون ھەسسە ئاشتى (1996 - يىلدىكى 476 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 1997 - يىلىغا كەلگەندە 4 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى). ئەمەلىيەتتىكى سانلىق مەلۇمات ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا توپتىن ئوخشىمايدۇ، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى بويىچە پىلانلىغاندا ئومۇمىي ھېسابات تەخمىنەن 15 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ.

«تۈركىيە - 97» تاۋار كۆرگەزمە يىغىنى كۆپ تۈردىكى ئىستېمال بويۇملىرى بىلەن تەمىنلىدى، يەنى ئائىلە سايمانلىرى، ئاياغ، ئېلېكترونلۇق يېزىش - سىزىش قوراللىرى، يېمەكلىك، باللارغا كېرەكلىك بويۇملار، گىرىم بويۇملىرى، ماشىنا زاپچاسلىرى، قۇرۇلۇشلارنى بېزەش ماتېرىياللىرى، ھەرخىل ئۈسكۈنىلەر، مەسىلەن، ئوراش - قاچىلاش ماشىنىسى، ئىچىملىكلەرنى قاچىلاش ماشىنىسى، ماركا چاپلاش ماشىنىسى ۋە مىكرو تىپلىق بولكا پىشۇرۇش ئوچىقى قاتارلىقلار.

«گيوكەيلى» شىركىتىنىڭ رەئىسى ك. يازكان ئەپەندى: بۇ قېتىمقى تاۋار كۆرگەزمىسى روسىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ سودا جەھەتتە يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە مۇھىم ھەمكارلىق ئاساسىنى تۇرغۇزىدۇ دېدى. (01)

## قازاقىستان بىلەن روسىيە رۇدا بىلەن تەمىنلەش توختىمىنى ئىمزالىدى

قازاقىستاننىڭ ئاقتۆبە ئوبلاستىغا جايلاشقان دون دەرياسى كان ئېچىش - رۇدا تالالاش بىرلەشمە كارخانىسى بىلەن روسىيىنىڭ چېليابىنسكى مېتال تاۋلاش زاۋۇتى بۇ زاۋۇتنى رۇدا بىلەن تەمىنلەش توختىمىنى ئىمزالىدى. چېليابىنسكى كارخانىسى رەھبەرلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، 1997 - يىلى 1 - پەسىلدە دون دەرياسى كان ئېچىش - رۇدا تالالاش بىرلەشمە كارخانىسى ئۇرال بىرلەشمە كارخانىسىنى 30 مىڭ توننا خروم رۇدىسى بىلەن تەمىنلىگەن. ھازىر دون دەرياسى بىرلەشمە كارخانىسىنىڭ روسىيە مېتال تاۋلاش كارخانىسىنى تەمىنلىگەن رۇدا روسىيە كارخانىلىرىنىڭ ئېھتىياج مىقدارىنىڭ پەقەت ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىككى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كەسپىي ھەمكارلىق پوزىتسىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زورمۇ زور بولماقتا. 1996 - يىلى ئەتىيازدا قازاقىستاننىڭ خرومىت كارخانىسى روسىيىنىڭ ئېنېرگىيە تەمىناتىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، روسىيە تەرەپنى بىر ئاي رۇدا بىلەن تەمىنلىمىگەن. قازاقىستان خروم سانائىتى تارماقلىرى رەھبەرلىرىنىڭ قارىشىچە، روسىيە قازاقىستاننىڭ خرومىت كارخانىلىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ، قازاقىستان كارخانىلىرىنى چېلىيابىنسكى ۋە باشقا روسىيە مېتال تاۋلاش كارخانىلىرىنى تۆۋەن باھادىكى رۇدا بىلەن تەمىنلەتكۈزمەكچى بولغان. بولۇپمۇ روسىيە تەرەپ ئىلگىرى ھەر توننىسى 44 ئامېرىكا دوللىرىلىق باھا بىلەن ئۇلارنى رۇدا بىلەن تەمىنلەشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ھازىر خەلقئارا بازاردا خروم رۇدىسىنىڭ ھەر بىر توننىسىنىڭ باھاسى 200 ئامېرىكا دوللىرىدىن تۆۋەن ئەمەس. (03)

# شىنجاڭنىڭ سۇلياۋ يوپۇق مەھسۇلاتى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتتى

شىنجاڭ يېنىك سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ماتېرىياللىرى ئورۇنلىرىنىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى سەۋەبىدىن شىنجاڭنىڭ سۇلياۋ يوپۇق تەمىناتى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنىڭ تەڭپۇڭسىزلىق ئەھۋالى كېلىپ چىقتى.

تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 130—140 مىڭ توننىغا يەتتى، لېكىن ئەمەلىي ئېھتىياج پەقەت 70 مىڭ توننا ئەتراپىدا بولدى. نۆۋەتتە سۇلياۋ يوپۇقنى نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردا مەھسۇلات ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتتى.

تونۇشتۇرۇشلارغا قارىغاندا ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى ئېشىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ قوشنا دۆلەتلەرگە سۇلياۋ يوپۇقنى ئېكسپورت قىلىشقا باشلىدى. ھازىرغا قەدەر 10 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئېكسپورت قىلدى. لېكىن قوشنا دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن سۇلياۋ يوپۇقنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزگەنلىكتىن شىنجاڭنىڭ داۋاملىق ئېكسپورت قىلىش يوشۇرۇن كۈچى چەكلىك بولۇپ قالدى، كەلگۈسى ئۈمىتلىك ئەمەس.

شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى سۇلياۋ يوپۇقنى نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ كارخانىلار ۋە كونا كارخانىلار مەھسۇلاتىنىڭ تۈزۈلمىسىنى تېز سۈرئەتتە تەڭشەپ، تېخنىكا ۋە مەبلەغ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، بازار ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. (03)

# تۈركمەنىستان كارخانىلارنى تىزىمغا ئېلىشنىڭ بىرلىككە كەلگەن تۈزۈمىنى يولغا قويماقچى

تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى س. نىيازوف دۆلەتلىك چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىش ۋەكالەت ئورنىغا كارخانىلارنى تىزىمغا ئېلىشنىڭ بىر يۈرۈش خەلقئارا ئادەتلەرگە ماس كېلىدىغان بىرلىككە كەلگەن تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقىشنى ھاۋالە قىلدى. بۇ ۋەكالەت ئورنى يەنە چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى تىزىمغا ئېلىش ئىشلىرىنىمۇ باشقۇرىدۇ ھەمدە تاپشۇرۇشقا بىنائەن چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت كىرىمىنى دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېتىشنى باشقۇرۇش چارىلىرىنى بېكىتىدۇ، شۇنداقلا بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدۇ. ھازىر تۈركمەنىستاندا ھەرخىل مۈلۈكچىلىك شەكلىدىكى كارخانا ۋە تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن تىزىملاش دەپتىرىدە تىزىمغا ئالدۇرغان چەت ئەل شېرىكلەشكەن كارخانىلىرىدىن جەمئىي 272 سى، پۈتۈنلەي چەت ئەل مەبلىقىگە تايىنىدىغان كارخانىلاردىن 260 ى بار. (03)

# روسىيە ساخالىندا نېفىتلىك بايقىدى

ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق ساخالىن چوڭ قۇرۇقلۇق بوسۇغوسىدا تۇنجى قېتىم نەچچە ئون مىڭ توننا نېفىت قېزىپ چىقىلدى. بۇ خەۋەرنى ساخالىن ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ۋەكىلى د. روللان خاباروۋسكىدا ئېچىلغان سانائەت كارخانىلىرى ۋە ئۇيۇشمىلىرى باشلىقلىرىنىڭ بىر قېتىملىق بىرلەشمە يىغىنىدا ئېلان قىلغان. دەسلەپكى ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، روسىيە نېفىتلىكنى ئېچىش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا ئېرىشىدۇ.

چوڭ قۇرۇقلۇق بوسۇغوسىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىش 2000 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلار دەسلەپكى باسقۇچتا 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ، شېرىكلەشكەن شىركەت قۇرىدۇ. روسىيە تەرەپ 70% قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالىدۇ.

خاباروۋسكى چېگرا رايون سانائەت كارخانىلىرى كېڭەش مەجلىسىنىڭ رەئىسى ئې. كوستيۇچېنكونىڭ تەكىتلىشىچە، نېفىتلىكتىن ھەقىقىي پايدىلىنىش 2000 - يىلىغا بارىدىكەن. (02)

# قازاقىستاننىڭ ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى

قازاقىستاننىڭ ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارى 10% تۆۋەنلەپ كەتتى. 1996- يىلى پەقەت 10 توننا ئالتۇن ئىشلەپچىقىرالىدى، يېقىنقى ئۈچ ئايدىن بۇيانقى ئەھۋالدىمۇ روشەن ياخشىلىنىش

بولمىدى. دۆلەت رەھبەرلىرى 1999 ـ يىلغىچە ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارىنى ھەر يىلى 60ـ70 تونىنغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى. شۇڭا، قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋ بارلىق مۇھىم فونكىتسىيىلىك ئورگانلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئالتۇن قېزىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقىش، بولۇپمۇ چەت ئەل كارخانىلىرىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن كان ۋە ئۆز ئالدىغا پايدىلىنىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن ھەم چەت ئەل كاپىتالىدىن پايدىلىنىۋاتقان شېرىكلەشكەن كارخانىلاردىن باج ئېلىشقا يول قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى. (01)

# ياپونىيە زور مىقداردا مەبلەغ سېلىپ قازاقىستان نېفىتلىكىنى ئاچماقچى

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قازاقىستان ئېنېرگىيە ۋە تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىكى بىلەن ياپونىيە دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى بىر قاتار مۇھىم ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىگە ئىمزا قويدى. بۇ ئىككى دۆلەت ئىككى يىل ئاۋۋال كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى 11 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان دېڭىز قىرغىقىدا ئۈچ يىللىق ھەقسىز گېئولوگىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش كېلىشىمىنى تۈزگەنىدى. ھەقسىز سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسى 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بارلىق قۇرۇلۇشنىڭ ھەممىسىنى قازاقىستان تەرەپ تەشكىللەيدۇ. ھازىر قازاقىستان كارخانا مۇلۇكچىلىكىدە يەر تەۋرىتىپ نېفىتلىكنى چارلاش ئونىۋېرسال گەۋدىسىدىن پەقەت ئىككىسىلا قالدى. ئىككى يىل جەريانىدا پەقەت يەتتە ئادەم سىناق مەزگىلىنى ئۆتكۈزدى. نېفىتلىكنى چارلاش، بۇرغىلاش قۇرۇلۇشىمۇ ھەقسىز ئېلىپ بېرىلىدۇ. يېقىندا كېلىشىمنىڭ تولۇقلىما ھۆججەتلىرىگە ئىمزا قويۇلدى. ھۆججەتتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي شىمالىي بۆلۈكىدە چارلاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. 1997 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ كاسپىي دېڭىزغا يېقىن رايون ۋە ئاقتوبە ئوبلاستىنىڭ تېرىك بەلبېقىدا چارلاش ۋە كاربون ـ ھىدروگېن بىرىكمە ماددىلىرىنى قېزىش مەشغۇلاتى باشلاندى. بۇ يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتلاردىن قازاقىستان بىلەن ياپونىيە ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. 30 يىل ئىچىدە سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليارد 358 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، ئۈچ تۈر ئېلىپ كېلىدىغان كۆچمە مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 870 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. جۇمھۇرىيەت بۇ تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا باج ئېلىش ۋە خام چوتتىن پۇل تاپشۇرۇش شەكلى ئارقىلىق ئومۇمەن 4 مىليارد 273 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ئېرىشىدۇ.

قازاقىستاننىڭ زۇڭلىسى ئا. م. كاژگېلكىن ئېچىش تۈرلىرىگە قاتنىشىدىغان ياپونىيە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى، ياپونىيىنىڭ قازاقىستان بىلەن ھەمكارلاشقىنىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق ئىستىقبالىغا تولۇق ئىشەنچ باغلىدى. (01)

# جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ مال ئالماشتۇرۇش سودىسى تېز تەرەققىي قىلماقتا

1996 ـ يىلى جۇڭگونىڭ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى بىلەن سىبىرىيە ۋە يىراق شەرق رايونى ئوتتۇرىسىدىكى مال ئالماشتۇرۇش سودا سوممىسى 350 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى. يەنە بىر تەرەپنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا قارىغاندا ئىككى تەرەپنىڭ مال ئالماشتۇرۇش سودا سوممىسى يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتىنمۇ ئېشىپ كەتكەن.

جۇڭگو بىلەن روسىيە ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىر قاتار كونكرېت ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللانغانلىقتىن، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ ئىككى تەرەپ شىركەتلىرىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت پائالىيەت تەرتىپلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، شېرىكلەشكەن كارخانىلار قۇرۇلدى، ئاساسىي ئەسلىھەلەر ياخشىلاندى، سودا بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ئۇسۇل ۋە تەدبىرلەر قوللىنىلدى.

ھازىر، جۇڭگونىڭ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى 3045 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېگرا لىنىيىسىدە جەمئىي 320 چېگرا ئېغىزى قۇرۇلدى ۋە ئىشقا كىرىشتى. بۇ سودا ئېغىزلىرى ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كېڭەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. (01)

# جۇڭگو قىرغىزستان چېگرىسىدىكى ئىركېشتام سودا ئېغىزى ۋاقىتلىق ئېچىۋېتىلىدۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۇي بىلەن قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسى بەنگۇڭتىڭ قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى زاكىروۋ 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ جۇڭگو قىرغىزستان چېگرىسىدىكى ئىركېشتام سودا ئېغىزىنى ۋاقىتلىق ئېچىشنى مۇزاكىرىلىشىپ بېكىتتى.

1997 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن قىرغىزستاننىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئۆزئارا زىيارەت قىلىپ ۋە كېڭىشىپ، ئىركېشتام سودا ئېغىزىنى ئېچىشنى قانۇنىي جەھەتتىن بەلگىلىدى.

1997 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ۋاقىتلىق مال ئۆتكۈزۈش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، بۇ سودا ئېغىزنى رەسمىي ئېچىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ شەرت ـ شارائىت ھازىرلىدى ۋە ئۈچىنچى دۆلەتكىمۇ ئاچماقچى بولدى. ئىركېشتام سودا ئېغىزى بۇندىن كېيىن جۇڭگو بىلەن قىرغىزستاننىڭ دوستانە ھەمكارلىقىدا كۆۋرۈك ۋە تۈگۈن بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ سودا جەھەتتىكى بېرىپ كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىركېشتام سودا ئېغىزىنىڭ جۇڭگو تەرىپى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قىرغىزستان تەرىپى ئوش ئوبلاستى، بۇ سودا ئېغىزى جۇڭگو قىرغىزستان چېگرىسىدىكى تورغات سودا ئېغىزى ئېچىلغاندىن كېيىن، رەسمىي ئېچىلغان ئىككىنچى سودا ئېغىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (01)

# روسىيە ئالتۇن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشى مۇمكىن

روسىيە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، روسىيە بۇندىن كېيىن ئالتۇن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزىدىكەن.

روسىيە مەركىزىي بانكا قىممەت مېتاللار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئاندرېي. كورنىكوۋ يېقىندا، سودا بانكىسى چەت ئەلنىڭ ئامانەت قەرز ئورۇنلىرى بىلەن سودا قىلىشتا ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئالتۇننى ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دېدى.

ئۇ يەنە، روسىيە قانۇنىدا ئالتۇننى ئېكسپورت قىلىش چەكلىمىسى بەلگىلەنگەن، بۇ بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا روسىيە مەركىزىي بانكىسى ھەر قايسى بانكىلارغا قىممەت مېتاللارنى ئېكسپورت قىلىش چەكلىمىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ، بۇ ھۆكۈمەت قىممەت مېتاللارنىڭ باھاسىنى ئەركىن بېكىتىش بەلگىلىمىسىنى تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن دېدى.

كورنىكوۋ يەنە، روسىيە مەركىزىي بانكىسى دۆلەت تاموژنا كومىتېتى بىلەن كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىمدە بانكا رەنگە قويۇش ئۈچۈن ئالتۇننى چېگرادىن ئېلىپ چىقسا بۇ، ئېكسپورت قىلغانلىق بولىدۇ. رەنگە قويۇلغان بۇ ئالتۇننى قايتۇرۇپ كەلسە قايتا ئىمپورت قىلغانلىق بولىدۇ. ئەگەر بانكا روسىيەدە ئىشلەپچىقىرىلمىغان ئالتۇنلارنى روسىيەگە ئېلىپ كىرسە، قايتا ئىمپورت قىلىش تۈزۈمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، تاموژنا بېجى تۆلىمىسىمۇ بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى دېدى. (01)

# ئۆزبېكىستاندا ئۇران ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا

ئۆزبېكىستان دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى چوڭ ئۇران سېتىش دۆلىتى بولۇپ، ئاۋستىرالىيە ۋە كانادانىڭ ئارقىدىلا تۇرىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر رادىئو ئاكتىپلىق مېتاللارنى بەس - بەستە تۆكمە قىلىپ ساتقانلىقتىن، ئىلگىرى بىر مەزگىل خەلقئارا بازارنىڭ ھەددىدىن زىيادە تويۇنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇران كېنىنىڭ قېزىلىشىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ قىزىلقۇم چۆلىدىكى ئۇران كېنى يەنە قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە تولدى.

پەقەت 1997 - يىلى 1 - پەسلىدىلا ناۋوي كان قېزىش مېتاللورگىيە بىرلەشمىسى 600 توننا ئۇران بىلەن تەمىنلىدى. بۇ 1996 - يىلدىكىدىن 40% كۆپ. ئامېرىكىلىقلار ئىلگىرى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى تەمىنلىگەن ئۇراننى ئىگىلىۋېلىپ، ئازراقلا مۇئاش ئالىدىغان ئىشچى ۋە مۇتەخەسسىسلەرگە ناھايىتى كۆيۈنگەن قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە دەل مۇشۇ ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرى ئۇراننىڭ ئەرزان باھادا سېتىلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. ئەكسىچە ئەسلىدە بار بولغان زاپاس مىقدارى ئازلاپ، ئۇراننىڭ باھاسى قىممەتلەپ، ھەر بىر كىلوگرامى 33 - 35 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەندە بولسا ۋاشىنگتون

پىراقتىكى ئۇچقۇدۇقتىكى ھەر ئايدا ناھايىتى تۆۋەن مۇئاش ئالىدىغان يۇرغىلاش ئىشچىلىرى ۋە مېتال تاۋلاش ئىشچىلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتتى. ئۆزبېكىستاننىڭ ئۇرانلىرى ئادەتتە ئامېرىكىنىڭ «نۇكېم» شىركىتى ئارقىلىق سېتىلاتتى، بۇ يىل بەشىنچى يىلى بولۇپ قالغانىدى.

ئۆزبېكىستان ئۇرۇشتىن ئىلگىرىلا ئۇراننى بايقىغان بولۇپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدا يادرو مۇسابىقىسى باشلانغان چاغدىلا گېئولوگلار قىزىلقۇم چۆللىدە تەپسىلىي ئىزدىنىشكە باشلىغانىدى. كىشىلەر دەل مۇشۇ جايدا تېخىمۇ ئەرزان، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغان ئۇران قېزىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىگەنىدى.

ئۆزبېكىستاندا ئېنىقلىنىپ بولغان ئۇران زاپىسى 55 مىڭ توننا بولۇپ، 20 نەچچە يىل ئىچىدە ئىشلىتىشكە تامامەن يېتىدۇ. بازارلا ئېھتىياجلىق بولىدىكەن، كان قېزىش ئىشچىلىرىدا قىلچە مەسىلە يوق. خەلقئارا ئاتوم ئېنېرگىيە ئورگانلىرىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا قارىغاندا، ئۆزبېكىستاننىڭ رادىئو ئاكتىپلىق مېتال زاپىسى دۇنيا بويىچە 7 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر خەلقئارا بازاردا ئۇراننىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇپ، ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ بارماقتا. 1997 - يىلى ئۆزبېكىستان 2400 توننا رادىئو ئاكتىپلىق مېتال قازدى، 1998 - يىلى 3000 توننا قېزىپ رېكورتنى بۇزماقچى. نافوي كان قېزىش مېتاللورگىيە بىرلەشمىسى ئۇران قېزىش ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ، بۇنىڭغا تەخمىنەن يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ كېتىدۇ. 1996 - يىلى 11 - ئايدا نۇراباتتىكى كىيىدۇرمە تۇرۇبا زاۋۇتى پولىۋىنىل خلورىدلىق كىيىدۇرمە تۇرۇبا ئىشلەپچىقاردى، بۇ خىل كىيىدۇرمە تۇرۇبىلار ئىلگىرى تاشقى پېرۋوت ئارقىلىق روسىيىدىن زاكاز قىلىناتتى، شۇنداق قىلىپ ئۆزبېكىستاننىڭ ئۇران تەننەرقى تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسىم تۆۋەنلىدى. بۇندىن باشقا يەنە سۇ ئاستى ناسوسىنىمۇ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. يۇرغا ماشىنىسىنىڭ تەمىنلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆزبېكىستان خېرىدار چاقىردى، نەتىجىدە شىۋىتسارىيە بىلەن گېرمانىيە شىركەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بەك قىممەت، يۇرغىلاش سۈرئىتىمۇ يۇقىرى بولمىغانلىقتىن تاللىنالماي قالدى، روسىيىنىڭ پېرىم ئوبلاستىدىكى كۇنگۇر شەھەرلىك يۇرغا ماشىنىسى زاۋۇتى 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى زاكاز قىلىش تالونىغا ئېرىشتى. نافوي كان قېزىش مېتاللورگىيە بىرلەشمىسىنىڭ ھازىرچە تېخى روسىيە سانائىتى بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەت ئۈزۈشكە ئىقتىدارى يەتمەيدۇ، ئۇ ئىشلىتىدىغان كۆپ قىسىم ماتېرىيال، ئەسۋاب، يۇرغا ماشىنىسى ۋە سىناق ماتېرىيالى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى روسىيىدىن سېتىۋېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن روسىيىدىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى يەنىلا مەۋجۇت.

تاشكەنت ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ كارخانا - نافوي كان قېزىش مېتاللورگىيە بىرلەشمىسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭغا قارىتا پاي تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ئويلىشىپمۇ قويمىدى. يەرلىك مېتال كانلىرىدىن ئېقىپ چىققان ئۇران ۋە ئالتۇن ئۆزبېكىستاننىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، غەرب سودا بانكىلىرىنىڭ پۇلات ساندۇقلىرىنىمۇ ئاچتى. كىشىلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىن قىزىلقۇم چۆلىگە كېلىپ خىزمەت قىلىشى بۇ يەر تەمىنلىگەن تۇرار جاي ۋە پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈندۇر.

قىممەتلىك تالانت ئىگىلىرىنى بولۇپمۇ روسىيە، ۋولگا دەرياسى بويلىرىدىكى شەھەرلەر ۋە ئۇرال رايونىدىن كەلگەن تالانت ئىگىلىرىنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن، نافتى كان قېزىش مېتاللورگىيە بىرلەشمىسى تېخىچە رۇس تىلىدىن ئۆزبېك تىلىغا ئۆتۈشنى يولغا قويمىدى. ھەمدە بۇ يەردە ئوتتۇرا مەكتەپ، يەسلى، سۇ ئۈزۈش كۆلى ۋە تۇرار جايلارنى تەسىس قىلدى.

ۋاشىنگىتونمۇ ئۆزبېكىستاننىڭ ئۇران ساقلاش ئامبىرىغا جىددىي كۆز تىكمەكتە، تاشكەنت بىلەن يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان پاكىستان، ھىندىستان ۋە كورىيە يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلمەكتە، بۇ ئامبىرىكىلىقلارنى ئىنتايىن جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنلا يەردە يەنە ئۇلارنى بىزار قىلىدىغان ئىران بار. ئۆزبېكىستانمۇ ئۇراننى پىششىقلاپ رېئاكتوردا ئىشلەتكىلى بولىدىغان قىلالمايدۇ، لېكىن تاجىكىستان ۋە قازاقىستان بىلەن ھەمىشە كېلىشىم ھاسىل قىلالايدۇ. (03)

## قازاقىستان ئۆزى ئىشلەپچىقارغان تۇنجى ماشىنا

قازاقىستان ئۆز مەملىكىتىدە تۇنجى ماشىنا «تۇلپار» نى ئىشلەپچىقاردى. زۇڭتۇڭ نەزەربايېۋ سىناق قىلىپ ھەيدەپ باقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالمۇتا ستانوك ياساش زاۋۇتىنىڭ بىكار سېخىغا ۋاقىتىنچە ئورنىتىلغان ماشىنا قۇراشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىمۇ رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. «تۇلپار» ماركىلىق ماشىنىنىڭ بارلىق دېتاللىرىنى، كىچىكلىرىدىن ھەر بىر بۇرما مىخقىچە ھەممىسىنى كورىيەنىڭ «جىيا» ماشىنا كونسېرنى تەمىنلىگەن، ئۇلار ماشىنىغا تۇركچە ئىسىم قويۇشقا قوشۇلدى، ئىنتايىن قىسقا مۇددەت ئىچىدە 5000 ماشىنا قۇراشتۇرۇلىدۇ. بۇندىن كېيىن قازاقىستان ـ كورىيە شېرىكلەشكەن كارخانىسى يەنە ماشىنا زاۋۇتى قۇرماقچى. بۇ زاۋۇت يىلىغا 40 مىڭ «تۇلپار» ماركىلىق ماشىنىنى قۇراشتۇرىدۇ ھەمدە قازاقىستاندىكى زاۋۇتتا زۆرۈر بولغان دېتاللارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ ھەمكارلىق 20 ـ 30 مىليون دوللارغىچە مەبلەغ سېلىشقا مۇھتاج. (03)

## قازاقىستان يەنە يەتتە ئېنېرگىيە كارخانىسىنى ئىجارىگە بەرمەكچى

قازاقىستاندىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن چوڭ تىپتىكى يەتتە كارخانا يېڭى خوجايىن ئىزدىمەكتە. قازاقىستان دۆلەت مال ـ مۈلۈكنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى خېرىدار چاقىرىش ئارقىلىق بۇ يەتتە تۈرنى 20 يىل ئىجارىگە بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار شۇلېبىن توك تارقىتىش پاي شىركىتى، سېمىپالاتىنسكى شەھىرىنىڭ 1 ـ، 2 ـ نومۇرلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇست ـ كامېنوگورسكى توك تارقىتىش پاي شىركىتى، ئۇست ـ كامېنوگورسكى

شەھىرى ئېلېكتر ئىستانسىسى، سوگرېن ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە لېنىنگراد ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئىبارەت.

خېرىدار بولغۇچىلار بۇ كارخانىلارنىڭ پۈتكۈل ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددەت ئىچىدە مۇقىم ئىشلىشىگە، زۆرۈر بولغان مەبلەغ سېلىشقا جەلب قىلىشقا ۋە كارخانىلارنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى، ھەمدە بۇ تۈرنى ئىجارىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت خام چوتىغا پايدا تاپشۇرۇشى كېرەك. 1996 ـ يىلى خېرىدار بولغان غەرب شىركەتلىرى مالىيە تەشكىلاتى قازاقىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئېنېرگىيە تۈرى ـ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قاراغاندا رايونى 2 ـ نومۇرلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسىنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئاللىقاچان تاماملاپ بولدى. كورېيەنىڭ «ئۈچ يۇلتۇز» شىركىتىمۇ ھازىر جېزقازغان رەڭلىك مېتال بىرلەشمىسىنىڭ مىس تاۋلاش زاۋۇتىنى باشقۇرماقتا، بۇ زاۋۇت قازاقىستان ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوخشاش تۈردىكى كارخانىلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (03)

# ئۆزبېكىستان ماشىنا ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۈچۈن يېڭى بانكا ئاچتى

ياۋروپا گۈللىنىش تەرەققىيات بانكىسى تاشكەنتتىكى بىر خەلقئارا سودا پاي بانكىسىنى ئېچىشقا قاتناشتى، بۇ بانكىنىڭ قانۇنىي مەبلىغى 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، دۇنيا بانكىسى %25 مەبلەغ سالدى. ئۆزبېكىستان مەركىزىي بانكىسىنىڭ ئىجازەتنامىسىگە يېڭىلا ئېرىشكەن پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كونترول قىلىنىدىغان پاي چېكى يەنى %55 پاي كورېيەنىڭ «دايۇ» گۇرۇھىغا تەۋە. يېڭى بانكىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۆزبېكىستاننىڭ ئاساسىي سانائەتلىرىدىن بىرى بولغان ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مالىيە جەھەتتىن ياردەم بېرىش ھەمدە ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى، ئالاقىلىشىش سايمانلىرىنى ۋە توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، كورېيەنىڭ «دايۇ» گۇرۇھى بۇ ساھەلەرگە بىر مىلياردتىن كۆپ مەبلەغ سالدى. (03)

# ئۆزبېكىستان «سودىگەرلەر مەركىزى»نى تەسىس قىلدى

ئۆزبېكىستان قارا قالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى نۆكۈستا يېقىندا يەنە بىر زامانىۋى بىنا قەد كۆتەردى. ئۆزبېكىستان دۆلەت مال ـ مۈلۈك كومىتېتىنىڭ مالىيە جەھەتتىن تولۇق قوللىشى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن «سودىگەرلەر مەركىزى» مانا مۇشۇ بىناغا جايلاشقان.

بۇ بىنانىڭ 1 ـ قەۋىتى مەخسۇس سودا

شىركىتى بولۇپ، بۇ شىركەت سودىگەرلەرنى تۈرلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە ھېساباتتا ياردەم قىلىدۇ، تۈنجى قېتىم شىركەت ئاچقان ۋە تىجارەت باشلىغانلار ئۈچۈن قائىدە ۋە باشقا دەسلەپكى ھۆججەتلەرنى يېزىپ بېرىدۇ.

1 - قەۋەتتە يەنە مۇلازىمەت لېكسىيە زالى ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان، ئۇلار خېرىدارلار ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك مۇلازىمەت ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ قەۋەتتە يەنە كۇتۇپخانا بار، مەخسۇس تۈنجى قېتىم سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان پۈتۈن يۈرۈشلۈك كىتابلارنى ساتىدۇ.

2 - قەۋەتتە كارخانىچىلار زالى ۋە «مادات» سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ قارا قالپاق ۋەكالەت باشقارمىسى بار. بۇ يەردىكى ھەربىر ئورۇننىڭ ھەممىسىدە ئىشلار ئالدىراش بولۇپ، كەيپىيات جانلىق، يەنى خۇسۇسىي شىركەتلەرنىڭ خوجايىنلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىگىلىرى ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە كېلىپ ھەرخىل قوللاشلارنى قولغا كەلتۈرۈشنى ۋە ئۆزىنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىگە پايدىلىق بولغان خىلمۇ - خىل يېڭى بىلىم ۋە يېڭى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

3 - قەۋەتنى قاراقالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مال - مۈلۈك كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ قەۋەتنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتلىرىدە بۇ رايوندا تەسىس قىلىنغان ئاكسىينى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ كونترول قىلىش مەركىزى ھەمدە «سودا فوندى»، «تاشكەنت» ئاكسىيە بىرژىلىرىنىڭ بۇ يەردىكى تارماق ئورگىنى، شۇنداقلا ۋاستىچىلار ئىشخانىسى بار. كىشىلەر، بۇ مەركەز ھەرخىل تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ بارلىق ئورگانلىرىنى مەركەزلەشتۈرگەن دېيىشىدۇ. (03)

# قازاقىستان ئۇران سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق

قازاقىستاننىڭ «پۈتۈن كۆرۈنۈش» سودا ھەپتىلىك ژورنىلى، ئەگەر قازاقىستان ئۆزى ئىرىشسىلا ئۇران سودىسىدا تامامەن ئالدىنقى قاتاردا تۇرالايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كۆرسەتتى، قازاقىستاننىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئۇران زاپىسى 926 مىڭ توننا بولۇپ، دۇنيا زاپىسىنىڭ %25نى ئىگىلەيدۇ. قازاقىستان ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكى چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ ئۇران كېنىنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇلار كانادانىڭ «كامېكو» شىركىتى، گېرمانىيىنىڭ ئۇران كېنىنى ئېچىش شىركىتى ۋە فىرانسىيىنىڭ «كودېژما» شىركىتىدىن ئىبارەت. ئۇلار ئەڭ چوڭ ئۇران كېنى «ئىنكاۋ» ۋە «مىنقۇدۇق» تا شېرىكلەشكەن شىركەت قۇردى. قازاقىستان يېقىندا قۇرۇلغان پۈتۈنلەي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قازاقىستان ئاتوم سانائىتى پاي شىركىتىنى ئۇران كېنىنى ئېچىشقا قارىتا دۆلەت نامىدىن نازارەت قىلدۇرۇشقا تەييارلىق كۆرمەكتە. يېقىنقى ئۈچ

يىلدىن بۇيان قازاقىستان ئۇران كېنىنى ئېچىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسىگە 18 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. (03)

## قازاقىستاننىڭ ئاھالىسى كېمىيىپ كەتتى

قازاقىستان مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بەش يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ نوپۇسى ئاھالىلارنىڭ سىرتقا كۆچۈشى جەريانىدا %7 ئازىيىپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئاشقان. ھازىر قازاقىستان ئاھالىسى تەخمىنەن 16 مىليون 400 مىڭ بولۇپ، قازاقىستان دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، قازاقىستاندىن چەت ئەلگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان خادىملار ئىچىدە قازاقىستاندا ياشاۋاتقان 100 مىللەتنىڭ ھەممىسىدىن بار ئىكەن، پەقەت قازاقىستاندا ياشاۋاتقان گېرمانىيىلىكلەردىن 500 مىڭدىن كۆپرەكى كۆچۈپ كەتكەن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن تۈركۈمدىكى روسىيىلىكلەر ۋە يەھۇدىلارمۇ قازاقىستاندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان. (03)

## روسىيە تاشقى سودا تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇردى

روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ قازان شەھەرلىك ھۆكۈمىتى تاشقى سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چەت ئەللىكلەرنىڭ قولىدىن بىر قېتىمدىلا تېخىمۇ كۆپ نەق پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن، 1996 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن باشلاپ چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ سودا تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى بېجىرگەندە بىرلا قېتىم ھەق ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تەكشۈرۈش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇردى.

گۇۋاھنامىگە ئىگە چەت ئەل سودىگەرلىرى تىجارەت كىرىملىرىنى ھېسابلاپ تىزىملاتمىسىمۇ بولىدۇ. شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇ كىرىمنىڭ %50 ى شەھەر خامچوتىغا، قالغان %50ى سودا تورلىرى تۇرۇشلۇق رايوننىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

ئەگەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇ قېتىملىق سىناقتىن رازى بولىدىغان بولسا، بۇ خىل تۈزۈم دۆلەت ئىچىدىكى سودىگەرلەرگىمۇ قوللىنىلىدۇ. (02)

## ئۆزبېكىستاندا يېڭى قىممەتتىكى پۇل تارقىتىلدى

ئۆزبېكىستانلىقلار 1997 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئىش ھەققىلىرىدە ئۇلارغا ئانچە تونۇش بولمىغان قىممىتى 200 سوملۇق يېڭى پۇلنى بايقىدى. ئۆزبېكىستان

جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي بانكىسى يېقىندا ھەرخىل تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق 1997 - يىلى قىممىتى 200 سوملۇق پۇل تارقىتىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندى.

يېڭى تارقىتىلغان بۇ پۇلنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئىلگىرى تارقىتىلغان پۇللاردىن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ يۈزى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە، تەتۈر يۈزى يېشىل، كۆك، قىزغۇچ سېرىق، سېرىق رەڭدە. پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغاندىن ساقلىنىش ئالتۇن سىزىقى بار. (02)

## تورغات ئېغىزى «چەت ئەل ئەخلىتى» ئىمپورت قىلىشنى توستى

ئاتۇش شەھىرىگە جايلاشقان تورغات سودا ئېغىزى يېقىندا ئىككى قېتىملىق ئومۇمىي ئېغىرلىقى 10.46 توننا كېلىدىغان رادىئو ئاكتىپلىق بۇلغاشقا ئىگە كېرەكسىز ماددىنى ئىمپورت قىلىشنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ مەزكۇر سودا ئېغىزىنىڭ بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئېنىقلاپ چىققان 11 - قېتىملىق «چەت ئەل ئەخلىتى».

تورغات ئېغىزىنى باشقۇرۇش كومىتېتى، تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار دۆلەت زېمىنىنى قوغداش ۋە خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ، ئىمپورت تاۋارلىرىنى باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. 1995 - يىلدىن بۇيان، مەزكۇر سودا ئېغىزى جەمئىي 33 تۈركۈم چەكلەنگەن كېرەكسىز ئىمپورت بويۇملىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ «چەت ئەل ئەخلىتى» نى دۆلەت زېمىنىغا كىرگۈزمەسلىككە كاپالەتلىك قىلدى. (02)

## ئۆزبېكىستان چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە سودا - سانائەتچىلەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىردى

ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە سودا - سانائەتچىلەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنغان مەركىزىي مەسىلە «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارغا چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشنىڭ ئىستىقبالى».

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئۆزبېكىستاننىڭ ھەر قايسى ئوبلاستلىرىدىكى كارخانىچىلار، ئۆزبېكىستاننىڭ مىنىستىرلىك، كومىتېت تەۋەلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار، شۇنداقلا ئامېرىكىدىكى مەشھۇر شەھەر - سىئاتلدىكى بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى شىركەت ۋە كارخانىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئىبارەت.

يىغىن ۋەكىللىرى ۋە قاتناشقۇچىلار ئۆزبېكىستاندا ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى

كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت هازىرلاش ۋە شارائىت بىلەن تەمىنلەش، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك تەشكىل ۋە تارماقلارنىڭ خىزمىتى، پائالىيىتى ۋە مەقسىتى ئارقىلىق كارخانىچىلار ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىقتىساد تارماقلىرىنى تېخىمۇ كۆپ قوللاش توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشتى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا يەنە شۇ يەردىكى ئىقتىسادشۇناسلار چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايدىغان كېلىشىم، يەنى ئۆزبېكىستاندىكى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە كارخانىچىلار بىلەن ئامېرىكىنىڭ سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىتتىپاقى — «چوڭ سېئاتل» ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى. (02)

## روسىيە شېكەرنىڭ زاپاس مىقدارىنى كۆپەيتمەدۇ

روسىيىنىڭ تاشقى ئىقتىساد سودا مىنىستىرلىكى كۇبا ھۆكۈمىتى بىلەن 1997 - 1998 - يىللىق نېفىتكە خام شېكەر تېگىشىش توغرىسىدىكى تەمىنلەش مەسىلىسىگە نىسبەتەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. مۆلچەرلىنىشىچە روسىيىنىڭ 4 مىليون 500 مىڭ توننىدىن 5 مىليون 100 مىڭ توننىغىچە بولغان نېفىتىگە كۇبانىڭ 1 مىليون 500 مىڭ توننىدىن 1 مىليون 700 مىڭ توننىغىچە شېكىرى تېگىشىلىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، نۆۋەتتە روسىيە بازارلىرىدا شېكەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۆسۈش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. چۈنكى ياز پەسلى شېكەر كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پەسىل، شۇنىڭ ئۈچۈن زاپاس شېكەر بولغاندىلا، ئاندىن تەمىنلەش ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋالىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. روسىيىنى شېكەر بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق دۆلەت يەنىلا كۇبا. ھەر قايسى ئىمپورت سودىگەرلىرىنىڭ 1997 - يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ تەمىنلىگەن شېكىرى 1005 مىڭ توننىغىمۇ يەتمەيدۇ، 1996 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدە بولسا 350 مىڭ توننا ئىدى. (02)

## قازاقىستان كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى يۆلەيدۇ

ئالمۇتانىڭ كارخانا ساھەسىدە مۇنداق بىر خىل قاراش ئېقىپ يۈرمەكتە، يەنى ھۆكۈمەت كارخانا ساھەسىدە يېقىندا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى قايتىدىن ھەل قىلىدۇ.

ئىقتىساد، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى رادوستوۋچىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئىككىنچى پەسىلدىن باشلاپ كىچىك تىپتىكى كارخانىلار، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ سۇ، توك، پار ۋە تۇرۇبا يوللىرىدىن ئېلىنىدىغان قوشۇمچە ھەق بىكار قىلىنىدۇ. 1997 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن بۇرۇن ئىقتىساد، سودا مىنىستىرلىكى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى كارخانا ئىگىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئورگانلارنى ئىخچاملاش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

نۆۋەتتە، قازاقىستاندا «كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش فوندى» تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى زۆرۈرلۈك بۇيرۇقىنىڭ لايىھىسى يېقىندا تۈزۈلۈپ بولدى. ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تەشكىلىنىش ئىسپاتلىشچە، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن بۇرۇن گېزىتلاردا دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «بەش يىل ئىچىدە يەرنى مۇددەتكە بۆلۈپ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى سېتىپ بېرىش» توغرىسىدىكى قارارى بېسىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن مەركەز ۋە يەرلىك ئىجرائىيە ئورگىنىنىڭ ھەق ئېلىش ھېسابات تالونى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بەلگىلەندى.

قۇرۇلتايغا قاتناشقان كارخانا ئىگىلىرى ئاغرىنىپ مۇنداق دېيىشتى: قانۇنىي ئاساس بولمىسا، ھەممە تەدبىر قۇرۇق گەپتىنلا ئىبارەت. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن مۇنداق ئۈچ قانۇن ئۈچۈرى تارقالدى. بىرى «خۇسۇسىي كارخانا قانۇنى توغرىسىدا»، بۇ قانۇن خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، بۇ لايىھىگە ئاساسەن، خۇسۇسىي كارخانىلارغا ئىشچى ياللاش ئۆلچىمى بەلگىلەندى. ئىشلەپچىقىرىش، يېزا ئىگىلىك ۋە بىناكارلىق كەسپىي بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە تىجارەتچىلەردىن قوبۇل قىلىنىدىغانلار 50 ئادەمدىن، توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش ۋە مۇلازىمەت كەسپىدە شۇغۇللىنىدىغانلاردىن قوبۇل قىلىنىدىغانلار 25 ئادەمدىن، باشقا كەسپلەردە ئىشلەيدىغانلاردىن قوبۇل قىلىنىدىغانلار 10 ئادەمدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ لايىھە بويىچە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار ئاساسلىقى ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتىغا مەسئۇل بولىدۇ.

يەنە بىر قانۇن لايىھىسى «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكالەتچىلەرنى دۆلەت تىزىمىغا ئالدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاش» بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالتە قانۇن لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن. «دۆلەتنىڭ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى قوللىشى توغرىسىدا» لايىھىسىدە پۇقرالار سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق ئىپادىلەش ۋە ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بەلگىلەندى، يەنى ئۇلار ئۆزىنىڭ مەبلىغىنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ، بانكىدىن قەرز ئالسىمۇ، پۇقرالارنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى، ۋەكالەتچى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ ئەركىن مەبلىغى، دۆلەتنىڭ قىممەتكە ئىگە ئاكسىيىسى، چەت ئەلنىڭ تېخنىكا مۇلازىمىتى، مەبلىغى ۋە زايومىنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتانىڭ جەنۇبىي قىسمىدا جۇمھۇرىيەتتىكى كىچىك كارخانىلارنىڭ ئۈچۈر كۆرگەزمە مەركىزى قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت 10 مىليون تەڭگە ئاجرىتىپ مەزكۇر مەركەزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. (02)

# چەت ئەل مەبلىغى قىرغىزستاننىڭ يىپەك توقۇلما سانائىتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى

پۈتۈنلەي دېگۈدەك پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان قىرغىزستاننىڭ يىپەك توقۇلما

ئىشلەپچىقىرىشى يېقىندا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇ يەردىكى بىردىنبىر بۇ خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان يىپەك توقۇلما زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىشى تاشقى سودا ئېكسپورتىنى ئۈزۈپلا قويدى. بىر تەرەپتىن ئۆجمە دەرىخى كېسىشلەر تەرىپىدىن نابۇت قىلىندى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆجمە يوپۇرمىقىنى قۇرتلار يەپ كەتتى. نەتىجىدە يىپەك توقۇلما سانائىتى ئۈزلىكىدىن ھالاك بولۇش كىرزىسىگە دۇچ كەلدى.

چەت ئەل مەبلىغى بۇ كارخانىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئېرلاندىيىنىڭ «كىنگ رېسۇرس» شىركىتى ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان يىپەك توقۇلما زاۋۇتىنىڭ 80% پايلىرىنى سېتىۋالدى. بۇ شىركەت زاۋۇتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالدى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئەنئەنىۋى پىلە بېقىش كەسپىدە كىرىزىس ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ھەتتا پىلە تۇخۇمىنىمۇ جۇڭگودىن ئېكسپورت قىلىدۇ.

نۆۋەتتە، 4000 قاپ پىلە تۇخۇمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا پىلە باققۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ رايونغا نەچچە ئاپتوموبىل كېلىدىغان ئۆجمە كۆچىتى تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ قىرغىزىستاننىڭ يىپەك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. خۇشاللىنارلىقى شۇكى، ئۆز خىزمىتىنى سۆيىدىغان خىزمەتچى خادىملار ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىنى ساقلاپ قالدى.

بىرىنچى تۈركۈمدىكى يىپەك تارتىش ۋە بوياش سېخى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ سېخلار يەنىلا ئەسلىدىكى كونا ئۆيلەر بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا يېڭىدىن زامانىۋى، ئازادە سېخلار قۇرۇلىۋاتىدۇ. ئەسلىدىكى يىپەك توقۇلما بىرلەشمە زاۋۇتى ئاساسىدا «يىپەك» ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلدى. قىرغىزىستاننىڭ يىپەكلىرى قايتىدىن دۇنياغا تارقىلىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكۈسى. (02)

# شىنجاڭ ئۈكرائىنادا بىر ئاشخانا قۇردى

1996 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ جىڭلۇڭ چەكلىك شىركىتى ئۈكرائىنانىڭ كىيېۋ شەھىرىدە ئۆزى مەبلەغ سېلىپ بىر ئاشخانا قۇردى. بۇ جۇڭگو ئۈكرائىنادا قۇرغان ئالتىنچى ئاشخانا. بۇ ئاشخانا شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ۋە ساياھەتچىلەرگە شىنجاڭنىڭ تەمى ئۆزگىچە بولغان يېمەكلىكلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ھازىر ئاساسلىقى تېز توڭلىتىلغان جۇۋاۋا سېتىلىدۇ، يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە تەييار چۆپ ئىشلەپچىقىرىپ كىيېۋ شەھىرىدىكى يېمەكلىك دۇكانلىرىنى توپ تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگونىڭ فار - فۇر قاچا قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ سېتىلىدۇ. (02)

# ئاسىيا قىتئەسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى ياتقۇزۇلىدۇ

نۆۋەتتە تۈركمەنىستاندىن ياپونىيىگىچە تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولىنى ياتقۇزۇش تەتقىق قىلىنماقتا. ئاسىيا قىتئەسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3700 ئىنگلىز لىسى كېلىدىغان ۋە يەنە بىرى جۇڭگونىڭ شەرقىي دېڭىزدىن ئۆتۈپ ياپونىيىگە تۇتۇشىدىغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1200 ئىنگلىز لىسى كېلىدىغان بۇ تۇرۇبا يولى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن، كۆلىمى ئەڭ زور بولغان گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئەيس نېفىت شىركىتىنىڭ تارماق شىركىتى، جۇڭگو نېفىت شىركىتى ۋە MITSUBISH شىركىتى بىرلىكتە بۇ تۇرۇبا لىنىيىسىنى ياتقۇزۇشنى تەتقىق قىلماقتا. بۇ قۇرۇلۇش تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. (01)

# ئۆزبېكىستان بىلەن روسىيە داۋاملىق ھەمكارلاشماقتا

يېقىندا ئۆزبېكىستاننىڭ زۇڭتۇڭلىسى ئۇ. سۇلتانوۋ بىلەن روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلىسى ۋ. چېرنومىلكىن موسكۋادا ھەر ئىككى دۆلەتكە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيىتى بولغان كېلىشىمنى، يەنى ئۆزبېكىستان بىلەن روسىيىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە يۆنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىمنى ئىمزالىدى.

ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى كېلىشىمنى ئىمزالىغاندىن كېيىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، بۇ قېتىمقى كېلىشىمدە، ئىككى دۆلەت بارلىق ھالقىلىق ئىقتىسادىي دائىرىلەردىكى كېلىشىمنى داۋاملىق كېڭەيتىدىغانلىقى ۋە كۈچەيتىدىغانلىقى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك، خىمىيە، نېفىت خىمىيە سانائىتى ۋە رەڭلىك مېتال تاۋلاش جەھەتتىكى كېلىشىمنى كۈچەيتىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى يەنە بىردەك: ئىككى دۆلەتنىڭ چوڭ تىپتىكى سانائەت پۇل مۇئامىلە گۇرۇھىنى تەشكىللەيدىغانلىقىنى ۋە بىر قاتار ئىمزالىنىش ئالدىدا تۇرغان ئالاھىدە تۈرلەر ئۈستىدە كېلىشىم تۈزۈلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. (01)

# جۇڭگو شىنجاڭ تۈركمەنىستاندا يەرمەنكە ئاچتى

شىنجاڭ چېگرا سودىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگو شىنجاڭ

ئېكسپورت تاۋارلىرى يەرمەنكىسى يىغىنى» 1997 - يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى ئاشخابات شەھىرىدە مۇۋەپپىقىيەتلىك ئېچىلدى.

بۇ يەرمەنكىگە شىنجاڭدىن دۆلەت ئىلكىدىكى 24 چوڭ ھەم ئوتتۇرا تىپتىكى تاشقى سودا كارخانىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى قاتنىشىپ، ماشىنا، يېمەكلىك، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە تاماكا، ھاراق قاتارلىق مىڭ خىلغا يېقىن تاۋارنى قويدى. يەرمەنكە ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغاپ، شۇ يەرلىك ئاممىنىڭ جۇڭگونىڭ فار - فۇر بويۇملىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، يېمەكلىكلىرى ۋە ئىلمە - توقۇلما مەھسۇلاتلىرىغا بولغان قىزىقىشىنى پەيدا قىلدى. كۆرگەزمە ئۆمىكى شىنجاڭدىن ئېلىپ چىققان فار - فۇر بويۇملار، پىۋە ۋە چاي قاتارلىقلار ئىككى كۈندىلا سېتىلىپ بولدى. (01)

# قازاقىستان ئاشلىق ۋە ئۇنىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش ھەمدە دۆلەت ئىچىدە سېتىش بەلگىلىمىسىنى ئاددىيلاشتۇردى

ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئاشلىق ۋە ئۇنىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشنى رەتكە سېلىش ھەم ئاددىيلاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېكسپورت قىلىش ۋە دۆلەت ئىچىدە سېتىش ئىجازەتنامىسىنى بېجىرىدىغان تەشكىلاتلارغا مۇقىم باج نىسبىتىنى بەلگىلەپ بېرىش ئۈچۈن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى چۈشۈردى:

1. ئاشلىق ۋە ئۇنىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلغاندا تاموژنا رەسمىيىتىنى بېجىرىش جەھەتتە تۆۋەندىكى ھۆججەتلەر بولۇشى كېرەك:

- قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئورگانلىرى تارقاتقان سۈپەت گۇۋاھنامىسى؛

- قازاقىستان سودا - سانائەت ئۇيۇشمىسى ياكى ئۇنىڭغا قاراشلىق تارماق ئورگانلار تارقاتقان تەكشۈرۈش گۇۋاھنامىسى.

2. دۆلەت ئىچىدە سېتىلىدىغان ئاشلىق ۋە ئۇنىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بارلىق سودىلاردا، مەيلى تاۋار سودا بازىرى بولسۇن، ياكى توپ سېتىش بازىرى بولسۇن، ساتقۇچىدا چوقۇم قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئاشلىق ئىدارىسى ياكى ئۇنىڭ تارماق ئورگانلىرى تارقاتقان توپ سېتىش سۈپەت گۇۋاھنامىسى بولۇشى كېرەك.

3. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئۆلچەملىك مىقدار ۋە سۈپەت كومىتېتى 97 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن بۇرۇن سۈپەت گۇۋاھنامىسىنىڭ شەكلى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قوغداش دەرىجىسىنى بەلگىلىشى كېرەك.

4. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئاشلىق ئىدارىسى 97 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن ئىلگىرىكى بۇ بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە بىر قىسىم تەجرىبە مەركەزلىرىنى قۇرۇش ھەمدە بەزىبىر زۆرۈر بولغان كەسپىي

ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاپ، بىخەتەرلىك كۆرسەتكۈچىنى تەكشۈرۈش سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئاساسەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئۆلچەملىك مىقدار ۋە سۈپەت كومىتېتىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەمىنلىشى كېرەك.

5. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئۈسۈملۈك كارانتىن باش ئىدارىسى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى «يېزا ئىگىلىك خىمىيە» پەن - تېخنىكا مەركىزى ھەم ئۇنىڭغا قاراشلىق خىمىيىۋي تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش پونكىتى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى سودا - سانائەت ئۇيۇشمىسى 97 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن بۇرۇن ئاشلىق ئىدارىسى سىناق نۇقتىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۈسۈملۈك قوغداش گۇۋاھنامىسىنى، ئېغىر مىتال تۇزلىرى، ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلار ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىلىرىنى تارقىتىدىغان تارماق ئورگانلارنى تەسىس قىلىشى كېرەك.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئاشلىق ئىدارىسى بۇ تارماق ئورگانلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

6. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى مال دوختۇرلۇق كومىتېتى دۆلەت چېگرىسى ۋە ترانسپورت مال دوختۇرلۇق نازارەت قىلىش اش ئىدارىسى پەقەت يەم - خەشەكنىڭ تازىلىق گۇۋاھنامىسىنىلا تارقىتىدۇ.

7. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك باھا ۋە مونوپولىيىگە قارشى سىياسەت كومىتېتى ئاشلىق ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش ئىجازەتنامىسىنى تارقىتىش پاتېنت ھوقۇقىغا ئىگە تەشكىلاتلار ئۈچۈن ئەمگەك مۇلازىمەت ھەققىنى بېكىتىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە بەلگىلەيدۇ، بۇ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش جەريانىدىكى ئەمەلىي خىراجەتكە ئاساسەن 1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن بۇرۇن ئاللىقاچان بەلگىلەنگەن ئۇسۇل بويىچە ئەمگەك مۇلازىمەت ھەققىنىڭ باج نىسبىتىنى بېكىتىدۇ.

8. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تاموژنا كومىتېتى 97 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن بۇرۇن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئاشلىق ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشتا زۆرۈر بولغان ھۆججەتلەر تىزىملىكىنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. (03)

## قازاقىستان بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشقا مۇھتاج

چەت ئەل مەبلىغىنى ئاكتىپلىق بىلەن جەلپ قىلىپ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىقتىسادىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش بولمىغان تۇنجى «دۆلەت بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشنى قوللاش قانۇنى» نى ئېلان قىلدى. بۇنىدىن باشقا يەنە مەزكۇر قانۇن ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن دۆلەت مەبلەغ سېلىش كومىتېتىنى قۇردى.

قازاقىستان دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسى مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئاچقان پەن - تېخنىكا ئەمەلىيىتى ۋەكىللەر يىغىنىدىكى ۋەكىللەرنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، 1992 - يىلدىن باشلاپ قازاقىستان ئىككى تەرەپ ئاساسىدا ئېكسپورت كرېدىتى شەكلى

ئارقىلىق ئاكتىپلىق بىلەن قازاقىستان ئىقتىسادىغا تاشقى مەبلەغ جەلپ قىلدى. قازاقىستان خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىدىن تاشقى پېرېۋوت مەبلىغىنى سېتىۋېلىشقا باشلىدى ھەمدە ئېتىبار قەرزگە ئېرىشتى. تاشقى پېرېۋوتنى سېتىۋېلىش مۇۋاپىق دۆلەت پۇلى ئومۇمىي سوممىسىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شۇ سەۋەبلىك شەكىللەنگەن چەت ئەل پۇلىنىڭ ئالتۇن بىرلىكى قەرز بەرگۈچى دۆلەتنىڭ بانكىلىرى، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتى ۋە باشقا مالىيە مەنبەلىرىدىن ئېتىبار قەرزگە ئېرىشىشنىڭ ماددىي ئاساسى بولۇپ قالدى.

Standby پىلانى بويىچە رەنىگە قويۇلغان دۆلەت پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى 1998 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە ھەر پەسىلدە بىر قېتىم سېتىۋالماقچى بولدى، لېكىن STF كېلىشىمى بويىچە رەنىگە قويۇلغان دۆلەت پۇللىرىنى 1998 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلغىچە ھەر يىلى 2 قېتىم سېتىۋېلىش كېرەكىدى.

دۆلەت ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ماتېرىيالىدا ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە قەدەر ھۆكۈمەت كېپىل بولۇپ قازاقىستاننى تەمىنلىگەن كۆپ تەرەپلىك ۋە قوش تەرەپلىك رەسمىي قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 1298 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

خەلقئارا گۈللىنىش تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى ئاساسەن مۇھىم بولغان ئىمپورتقا پۇل ئاجرىتىپ بېرىش، شەھەر قاتنىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نېفىت سانائىتى ۋە پۇل مۇئامىلە ساھەسىگە تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش، شۇنداقلا ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسى ئاجرىتىپ بەرگەن مەبلەغ ھەر تۈرلۈك مۇقىم پىلان، ئورگان ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئاۋسترىيە ۋە شىۋېتسىيە تەمىنلىگەن قەرز پۇل خەلقئارا گۈللىنىش تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە دۆلەتنىڭ بالانس قىزىل رەقەمنى تۆلەشنى ئۈچۈن تولۇقلاپ بېرىلىدۇ. ياۋروپا گۈللىنىش تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىنىڭ قەرز پۇللىرى ئىچىدە، ياپونىيە ئىمپورت ـ ئېكسپورت بانكىسى تەمىنلىگەن قەرز پۇل ئەڭ ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ، قەرز پۇلنىڭ ئەمەلىي دىسكونت نىسبىتى تەخمىنەن 10% ئەتراپىدا.

قازاقىستانغا بېرىلگەن ئېكسپورت قەرز پۇلنىڭ كۆپ قىسمى چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقى ئېكسپورتنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سودا مۇۋازىنىتىدىكى ئۈزۈن مەزگىللىك زىيان تارتىش كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا چەت ئەل قەرز پۇللىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئېكسپورت ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارى بار ئورۇنلارغا ئىشلىتىلىپ كېتىشى ناتايىن.

ئوتتۇرا ۋە كىچىك سودىلار سودا قەرز پۇلىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئاسىيا كرېدىت شىركىتى، ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ ياردەم بېرىش فوندى جەمئىيىتى شۆبە جەمئىيىتىنىڭ بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قەرز پۇلى 2 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. ئاسىيا كرېدىت شىركىتى يەنە يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى پىلانلىدى. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى 1993 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە ئېرىشكەن بىۋاستە سېلىنغان مەبلەغ

3700 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. چەت ئەل بىۋاسىتە سالغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسىدا كورىيە بىرىنچى ئورۇندا، ئامېرىكا ئىككىنچى ئورۇندا، ياپونىيە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ يازمى شەكىلدە ئېرىشىلگەن تاشقى مەبلەغ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خامچوتى ئارقىلىق تەقسىملىنىپ، داۋاملىق خامچوت رەقىمىنى تولۇقلاشقا ۋە ئىستېمال ساھەلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

لېكىن، يېقىن ۋەكىللىرىنىڭ ئۆمىدۋارانە مۆلچەرلىشىگە قارىغاندا، ئېتىبار بېرىلگەن مەبلەغ سېلىش مۇھىتى شەرت ـ شارائىتىدا 2000 ـ يىل ھارپىسىغا بارغاندا قازاقىستانغا بېرىلگەن تاشقى مەبلەغ 15 ـ 16 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن، ئېتىبار بېرىش بىر قەدەر ئاز بولغان ئەھۋال ئاستىدا 8 ـ 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭى دۆلەت بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشنى قوللاش تەدبىرى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەش قارارىغا ئىمزا قويدى. مەزكۇر قاراردا دۆلەت مال ـ مۈلۈك باشقۇرۇش نازارىتىغا دۆلەت مەبلەغ سېلىش كومىتېتىنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە جامائەت مۈلكى كاتالوگى ھەمدە پاي شىركىتى كاتالوگى بىلەن تەمىنلەش، دۆلەتنىڭ پېيىنى ساتماسلىق بۇيرۇلدى. دۆلەت مەبلەغ سېلىش كومىتېتى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن رەنە فوندىنى تەسىس قىلىپ، مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلماقچى. بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىنىدىغان ھەر قانداق بىر كېلىشىم رەنە فوندى ئارقىلىق تولۇق كاپالەتكە ئېرىشەلەيدۇ. (03)

# روسىيە توڭلاتقۇ زاپچاسلىرىنى ئىمپورت قىلىشتىكى تاموژنا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇردى

روسىيە فېدېراتسىيىسى تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ئالېك. داۋىدوۋ مۇخبىرلارغا، ھازىر روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ توڭلاتقۇ زاپچاسلىرى ۋە تېرموستات ئىمپورت قىلىشتا ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى. داۋىدوۋ، روسىيە خەلقىگە ئادەت بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، تەييار مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىش تاموژنا بېجىنى يۇقىرى كۆتىرىش، زاپچاسلارنى ئىمپورت قىلىش تاموژنا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك دېدى. لېكىن روسىيە ھازىر زاپچاسلارنى ئىمپورت قىلىشتا يۇقىرى تاموژنا بېجىنى يولغا قويغانلىقتىن، روسىيىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئادالەتسىز رىقابەت شارائىتىنى ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن: ئىمپورت تاموژنا بېجى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، روسىيىنىڭ توڭلاتقۇ سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلىرى بېلورۇسىيىدىكى ئوخشاش كارخانىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. داۋىدوۋ، روسىيە چەت ئەللەردىن ئەڭ ئىلغار زاپچاسلارنى ئىمپورت قىلىپ، سۈپىتى ئەڭ ياخشى مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇپ چىقىشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

روسىيە ھۆكۈمىتى تېلېۋىزور زاپچاسلىرىغا نىسبەتەن مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىپ، 1997 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ تېلېۋىزور

زاپچاسلىرىنى ئىمپورت قىلىشتا ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، تېلېۋىزور زاپچاسلىرىنى ئىمپورت قىلىشتا ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى ئىلگىرى 20%—30% كە يەتكەنىدى.

## روسىيىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئېشىپ ئىمپورت مىقدارى ئازايماقتا

1997 - يىلى 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە، روسىيىنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى ھازىرقى باھا بويىچە 34 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1996 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 1% ئازايدى. بىرىنچى پەسىلدە روسىيىنىڭ تاۋار ئېكسپورت قىلىش ئومۇمىي مىقدارى 1996 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 3% ئېشىپ، 20 مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى؛ تاۋار ئىمپورت قىلىش مىقدارى 6% تۆۋەنلەپ، 13 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى. تاشقى سودىدىكى ئاكتىپ بالانس 7 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1996 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 1 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئاشتى.

1997 - يىلى بىرىنچى پەسىلدە روسىيە بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا بولمىغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تاشقى سودا ئومۇمىي مىقدارى (غەيرىي تەشكىلىي سودىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1996 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 3% ئېشىپ، 26 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەرگە تاۋار ئېكسپورت قىلىش مىقدارى 5% ئېشىپ، 16 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى؛ ئىمپورت مىقدارى 0.5% تۆۋەنلەپ، 10 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى. (01)

## قازاقىستاننىڭ قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا بىر قىسىم كىچىك زاۋۇتلار قۇرۇلدى

قازاقىستاننىڭ قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا كىچىك تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ھازىر ھەممىلا يەردە كىچىك تىپتىكى بولكا زاۋۇتلىرى، گۈرۈچ پىششىقلاپ ئىشلەش سېخلىرى ۋە كۆكتات، مېۋە شىرنىسى ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى بار بولدى. بىر قەدەر چوڭ بولغانلىرى خورۇم كىيىم پىششىقلاپ ئىشلەش، كولباسا پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى سېخلىرىدىن ئىبارەت. بىراق ھازىرچە زاۋۇتلىرى يوق. ھازىر زاخايېۋدا 60 نەپەر ئىشچىسى بولغان چوڭلار ۋە بالىلار

ئاياقلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كىچىك تىپتىكى ئاياق زاۋۇتى قۇرۇلدى. يېقىندا يەنە كىيىم - كېچەك، خۇرۇم باش كىيىم زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ. بۇ زاۋۇت قارا كۆل كۆرپىسىدىن پايدىلىنىپ كىيىم - كېچەك ۋە باش كىيىم ئىشلەپچىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان داكا قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. (02)

# قازاقىستاندىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ھۆكۈمەتنىڭ كەلگۈسى پىلانىنى كۈتمەكتە

چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قازاقىستان زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋنىڭ يېقىندا ھۆكۈمەت ئىچىدە ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتىغا بولغان ئىنكاسىنى «قىزىقىش» ۋە «ھوشيار بولۇش» دېگەن سۆز بىلەن بايان قىلىشقا بولىدۇ. ئالمۇتادىكى چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ كۆز قارىشىدا ئىختىلاپ كۆرۈلدى: يەنى ئىسلاھات ھازىرقى مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلىيالامدۇ - يوق؟ ھۆكۈمەت قايتا - قايتا جاكارلاپ، ئۆتكەندىكى ئىسلاھات يېڭى مەبلەغ سالغۇچىلارغا ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، چۈنكى، ئۇ مەبلەغ سالغۇچىلارنى قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىغا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، دېدى. بىراق قازاقىستاندا خىزمەت قىلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىسلاھات ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىيالمايدىكەن، چۈنكى بۇ ئىسلاھات دۆلەتنىڭ يېڭى مەبلەغ جەلپ قىلىشى ئۈچۈن بولۇپ، ھازىرقى مەبلەغ سالغۇچىلارغا قىلچە ياردىمى بولمايدىكەن.

ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە مەسئۇللىرىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن سودا - سانائەتچىلەر كۈتۈش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، ۋەزىيەتنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلماقتا.

دۆلەتنىڭ بىۋاستە مەبلەغ سالغۇچىلارنى قوللاش توغرىسىدىكى قانۇنى ئاساسەن دېگۈدەك قازاقىستان بازارلىرىغا كىرىشنى خالايدىغان يېڭى مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئالاھىدە ئىمتىياز ئېلىپ كەلدى، بىراق ئۇ قازاقىستاندا ھازىر بار بولغان تۈرلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتمايدۇ.

نۇرغۇنلىغان مەبلەغ سالغۇچىلار مۇنداق قارايدۇ، ھۆكۈمەت چەت ئەل شىركەتلىرىگە بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ئالاقە لىنىيىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈيدىغان بىر قاتار ۋاستىچى ۋە پەخرىي مەسلىھەتچىلەرنىڭ چاپلىشىۋېلىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇلار تەنقىد قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى.

1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ بېشىدا، قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ «شېفرون» نېفىت شىركىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ مەبلەغ سالغۇچىلارنى يۇقىرىقى قىيىنچىلىقلارنى قانداق يېڭىش ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى. خەلقئارا كەسىپ گۇرۇھى نۆۋەتتە ھۆكۈمەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدىمىگە ھۆكۈم

قىلالايدىغان ئالامەتلەرنى ئەستايىدىل كۆزىتمەكتە. تەنقىدچىلەر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى، ھۆكۈمەت بىر قەدەر ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ھازىرلاشنى ئويلايدىكەن، ئۇنداقتا دىققەت ئېتىبارىنى ھازىر قازاقىستاندا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم شىركەتلەرگە قارىتىشى كېرەك.

ئەلۋەتتە، قازاقىستان كان ماددىلىرىنىڭ زاپاس مىقدارى جەھەتتە زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر قىسىم مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ تەنقىدكە پىسەنت قىلماي بۇ بازارغا پائال يۈزلىنىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرمايدۇ. كاسپىي دېڭىزى قۇرۇقلۇق بوسۇغۇسى نېفىتلىكىنى ئېچىشنىڭ ئالدىدا، بىر قىسىم يېڭى چوڭ تىپتىكى نېفىت شىركەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ «ئۈمىدۋارلار» قاتارىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلىشقانىدى.

بانكا گۇرۇھى قازاقىستاننىڭ كاسپىي دېڭىز رايونىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى قەدەمدە مەھسۇلاتلارنى قانداق تەقسىم قىلىش كېلىشىمىنى ئىمزالايدۇ. ھازىر، ھەر قايسى نېفىت شىركەتلىرى قايسى ساھەنى تاللاش توغرىسىدىكى رىقابەتكە دۇچ كەلمەكتە. (02)

# جۇڭگو روسىيە سودىسىدىكى ئالاھىدىلىك: مېتال بويۇملارغا ئاھالىلەرگە كېرەكلىك بويۇملارنى ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت

1996 ـ يىلى جۇڭگو روسىيە سودا سوممىسى 6 مىليارد 90 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1995 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا %25.36 ئاشتى. بۇ سانلىق مەلۇماتنى روسىيە تاشقى سودا ۋە ئالاقە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان. روسىيىنىڭ جۇڭگوغا تاۋار ئېكسپورت قىلىش سوممىسى جەمئىي 5 مىليارد 15 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ %35.6 ئاشتى. تاۋار ئىمپورت قىلىش سوممىسى 1 مىليارد 69 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بىر يىل ئىچىدە %1.6 ئاشتى.

روسىيە تاشقى سودا ۋە ئالاقە مىنىستىرلىكىدىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ پىكرىگە قارىغاندا جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ سودا مۇناسىۋىتى 1995 ـ يىلدىن باشلاپ مۇقىم ئاشقان. 1997 ـ يىلى ئىككى تەرەپنىڭ سودا سوممىسى 10—8 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. روسىيە جۇڭگوغا ئاساسلىق قارا رەڭلىك مېتال، رەڭلىك مېتال، خىمىيىۋي ئوغۇت، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى، خىمىيە سانائەت تاۋارلىرى، مىنېرال يېقىلغۇ ماتېرىياللار، ئاپتول، بېلىق ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلدى. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىش سوممىسى 1996ـ يىلى روسىيە جۇڭگونى تەمىنلىگەن بارلىق مەھسۇلات سوممىسىدا %89.9نى ئىگىلىدى. روسىيىنىڭ جۇڭگودىن تاۋار ئىمپورت قىلىش تۈزۈلمىسىدە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئانچە ئۆزگىرىش بولمىدى، ئاساسلىقى يەنىلا يېمەكلىك ۋە ئاھالىلەرگە كېرەكلىك بويۇملارنى ئىمپورت قىلدى. بۇ مەھسۇلاتلار روسىيىنىڭ جۇڭگودىن سېتىۋالغان تاۋار ئومۇمىي سانىدا %78 نى ئىگىلەيدۇ. (01)

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

(قوش ئايلىق ژۇرنال)
1997 ـ يىللىق 6 ـ سان
(ئومۇمىي 77 ـ سان)

باشقۇرغۇچى: شىئۇئار پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى
نەشر قىلغۇچى: شىئۇئار پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى
تۈزگۈچى: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: «شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا گېزىتى» باسما زاۋۇتى
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 132ـ58
پوچتا نومۇرى: 830011
تېلېفون نومۇرى: 3837994 (0991)
باھاسى: 3يۈەن
ھەر جۈپ ئاينىڭ 25ـكۈنى نەشردىن چىقىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40ـنومۇر

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—113/N